Arman®
阿尔曼

ئارمان شان- شەرپى

# ئارمان

## شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى بولۇپ بېكىتىلدى




ئارمان شىركىتى ۋە ئارمان يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتلىرى

- ISO-9001 خەلقئارالىق سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن شىركەت
- جۇڭگو يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات مەركىزى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن مەھسۇلات
- شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى
- ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا
- ئاپتونوم رايونلۇق سۈپەت تەكشۈرۈش ئىدارىسى سۈپىتىنى بېكىتكەن مەھسۇلات
- ئاپتونوم رايونلۇق ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تەۋسىيە قىلغان مەھسۇلات

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2003 - يىل 4 - سان

## كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق

«غايىۋى شەھەر»لەردىن «زامانىۋى شەھەر»لەرگىچە.........
......................... ئەسەت سۇلايمان ئۇيغار (1)
مەركىزىي ئاسىيا قۇرغاق رايونلىرىدا شەھەر كۆكەرتىشنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاساسلىرى ھەققىدە تەتقىقات .................
......................... ئۇمىت خالىق (5)
«ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا»مۇ ...... مۇختار مۇھەممەد (12)

## كەچمىش - كەچۈرمىشلەر

پەرىزىخان موماي ......................... زۇنۇن قادىرى (19)

## گۈزەللىك ئۈندۈر، توققۇزى توندۇر

ئۇيغۇرلاردا سەرگەزچىلىك.........................(24)

## گەپنىڭ ئېگىدە گەپ بار

ئەقىل كۆرسە، كۆز كۆرەر ......................... ۋاھىتجان غوپۇر (75)

## ئىللەت تۈزەلمىگۈچە، مىللەت تۈزەلمەس

يامان تۈزەلمىگۈچە، زامان تۈزەلمەس.......يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى (27)



مىراس 4 2003

(ئومۇمىي 78 - سان)

باش مۇھەررىر:
**يۇسۇپ ئىسھاق**
تەھرىرات باشلىقى:
**بەختىيار باھاۋۇدۇن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى نەشر قىلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829

ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58
باھاسى: 4.00 يۈەن

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

قىيادىكى ئۇۋچىنىڭ نالە ـ زارى .......... چ. ئايتماتوف، م. چاقانوف (39)
پروپ ۋە ئۇنىڭ چۆچەكلەر مورفولوگىيىسى نەزەرىيىسى .......................... مۇناجىدىن مۇنۇر (71)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

ئەدىبلەرنىڭ تىلى ............................................(49)
«ھەمراھ» قويۇپ بېرىشكە مەنئى يارىدەملەشكەن..........................(50)
فېلىيەتونچىلار ..............................................(53)
باتۇرلۇق كۈيى ..............................................(55)
99 ئالتۇن تەڭگە ..............................................(58)
ئانىنىڭ پۇتى ..............................................(60)
بالام، خەت يېزىشنى ئۇنۇتما..........................................(76)

## قانۇنسىز ئەل بولماس

قانۇننىڭ چاقىرىقى.......................... م. مۇھەممەد (62)

## ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ

ساغلاملىق ـ بىباھا ..............................................(65)
شەيتان بەت ..............................................(78)

### مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

### ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22ـ نومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنتۇماڭ.

### قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 ـ قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 ــ 0991
پوچتا نومۇرى: 830001

编缉:《美拉斯》编缉部 出版: 新疆维吾尔自治区民间文艺家协会 (乌市友好南路 22 号文联 14 层) 电话: 4554017 印刷: 新疆日报社印务中心 发行: 乌鲁木齐邮局 订阅: 全国各地邮局 国内统一刊号: CN65-1130/I 国外统一刊号: ISSN1004-3829 邮编: 830001 代号: 58-60 定价: 4.00元

«مىراس» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەر ئوقۇرمەنلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ!






—دوكتور ئۇمىت خالىقنىڭ «مەركىزىي ئاسىيا قۇرغاق رايونلىرىدا بوستانلىق شەھەرلىرىنى سىجىل كۆكەرتىشنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاساسلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق زور ھەجىملىك ئىلمىي ئەمگىكى ھەققىدە

1

بۇ يىل ئەتىيازنىڭ تازا سوغۇق كۈنلىرى ئىدى. ئۈرۈمچىدە قارا قىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى داۋام قىلىۋاتاتتى. كىتاب كۆرۈۋېتىپ ئولتۇرسام تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كەتتى. مەن دەرھال تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم:

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئىسمىم ئۇمىت خالىق، گېرمانىيە بېرلىندىن تېلېفون قىلىۋاتىمەن. سىز بەلكىم مېنى تونۇماسلىقىڭىز مۇمكىن. مەن بېرلىن پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئوقۇشۇمنى تاماملىدىم. دوكتورلۇق ماقالەم بىر كىتاب بولدى. يېقىندا نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. كىتابنىڭ ئالدىغا ئىنگلىزچە، خەنزۇچە ئاساسىي مەزمۇنىنى تەييارلىدىم. ئۆز ئانا تىلىمىزدا كىرىش سۆز بېرىشنى ئويلىدىم. خەلقىمىزمۇ بۇ ئەمگىكىمدىن خەۋەر تاپسۇن، دەپ ئارزۇ قىلدىم. لېكىن ئۆزۈم تەييارلىغان ئۇيغۇرچە ئاساسىي مەزمۇننىڭ تىلى، ئىپادىلەش كۈچى ۋە گۈزەللىكى ئۆزۈمگە يارىمايۋاتىدۇ. مەن سىزنىڭ كىتابلىرىڭىزنى ۋە بوستانلىق مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ماقالىلىرىڭىزنى كۆرگەن. سىزنى مېنىڭ بۇ ئەمگىكىمنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايمەن. شۇڭلاشقا مۇمكىن بولسا، كىتابىمنىڭ ئالدىغا تەييارلىغان ئۇيغۇرچە ئاساسىي مەزمۇننىڭ تېكىستىنى سىزگە ئەۋەتىپ بەرسەم، سىز ۋاقىت چىقىرىپ، سۆز - جۈملىلىرىنى تۈزىتىپ، ئۆلچەملىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ بەرگەن بولسىڭىز!...

—بولىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنى تەبرىكلەيمەن، مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ كۆرەي!—دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن.

سۆزىمىز 15 مىنۇتچە داۋام قىلدى. تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن ئويلىنىپ قالدىم: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەللەردىكى كۆپلىگەن ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاكادېمىيىلەردە تەبىئىي پەن ساھەسىدە بىر مۇنچە ئۇيغۇر دوكتورلىرىمىز يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ تەتقىقات نىشانى مېدىتسىنا، ئاتوم فىزىكىسى، ماتېماتىكا، دورىگەرلىك،



قۇرۇلۇش ـ ماتېرىيالچىلىق، يىراقتىن سېزىش، سۇ ئىش-
لىرى، بىئولوگىيە، تەبىئىي جۇغراپىيە قاتارلىق تەبىئەت
پەنلىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلماقتا. ئەپسۇسكى،
ئۇلارنىڭ بۇ ساھەلەردىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى خەنزۇ،
ئىنگلىز، ياپون، گېرمان، فىرانسۇز، رۇس قاتارلىق مىل-
لەتلەرنىڭ تىللىرىدا يورۇقلۇققا چىققان بولۇپ، خەلقىمىز
تاھازىرغىچە بۇ تەتقىقاتلارنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار
بولغىنى يوق. دوكتور ئۇمەت خالىقنىڭ گېرمان تىلىدا
نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسى-
يىسىنىڭ ئالدىغا ئۇيغۇر تىلىدا كىرىش سۆز بېرىشىنىڭ
ئۆزى بىر ياخشى باشلىنىش، چۈنكى ئانا تىلىمىز تېخى
تەبىئىي پەن مەسىلىلىرى ۋە تەتقىقات جەريانلىرىنى ئە-
زاھلاش ۋە ئىپادىلەش كۈچىنى يوقاتقىنى يوق. ئۇنىڭ
يۇرتىمىزنىڭ جەنۇبىي بۆلىكى بولغان تارىم ئويمانلىقى-
دىكى بوستانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا بېغىشلا-
نغان بۇ يىرىك ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىنى
قوللاش كېرەك! مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقىغا مۆكۈنۈپ
ياتقان تارىم ئويمانلىقىنىڭ جىددىي ئېكولوگىيە مەسىلە-
لىرىنى خەلقئارا ئىلىم ساھەسىنىڭ مۇھاكىمىسىگە ئېلىپ
چىققان ھەمدە ئۇنىڭ مېغىزىنى ئانا تىلىنىڭ ئىمكانىيىتى
ئارقىلىق ئۆز خەلقىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بۇ
روھنى قەدىرلەش كېرەك!...

ئۇمەد ئەپەندى كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچە مەزمۇنىنى
كومپيۇتېر تورى ئارقىلىق ماڭا ئەۋەتىپ بەردى. مەن
ئۇنى ئوقۇغانسېرى مەزكۇر تېمىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى
ھېس قىلدىم. كىتابتىكى بەزى مەسىلىلەر ھەقىقەتەنمۇ ك-
شىنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى. ئاپتور ئەسەرنى نوقۇل
قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسىدىكى ئىنچىكە ئانالىز ئۇسۇل-
لىرى ۋە ھەر خىل پارامېتىرلار نۇقتىسىدىلا ئەمەس، بەلكى
يەنە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ
ئىچكى قانۇنىيىتى ۋە بۇ يەردە ياشىغۇچى يەرلىكلەرنىڭ
ئالاھىدە مىللىي فولكلور مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىنمۇ مۇھا-
كىمە قىلىدۇ. بۇ ھال كىشىگە ئاپتورنىڭ ئىلگىرى بىز
كۆنۈككەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ قاتمال ھا-
لەتتىكى كەسكىن چەك ـ چېگرىسىدىن ھالقىپ چىققانلىقى-
نى، پەنلەر ئارا دىئالوگلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئەس-
لىتىدۇ.

بىرقانچە كۈن ۋاقىت چىقىرىپ ئۇمەت ئەپەندىنىڭ
تېزىسىنى تىل جەھەتتىن قايتا ئىشلىدىم. لېكىن مېنى
ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇمەت ئەپەندى پۈتۈن ك-
تابنى گېرمان تىلىدا يېزىپ تاماملاش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
ئۆز ئانا تىلىدىكى ئىپادىلەش قابىلىيىتى خېلىلا يۇقىرى
ئىدى. مەن ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تېزى-
سىغا قاش ـ كىرپىك قوندۇرغان بولدۇم. بۇ جەرياندا تې-
لېفون ئارقىلىق بۇ تېما ھەققىدە كۆپ سۆزلەشتۇق. ھەتتا
بىز شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپلەردىكى كەسكىن پەن ئايرى-
مىسىغا قارىماي، قانچە سۆزلەشكەنسېرى شۇنچە كۆپ
ئورتاق تىلغا ئىگە بولدۇق.

مەن ئۇيغۇرچە تېزىسنىڭ ئاخىرقى تەھرىرلىكىنى
بېكىتىپ، يەنە تور ئارقىلىق ئۇمەت خالىققا ئەۋەتىپ بەر-
دىم. بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئىچىدە ئۇمەت ئەپەندى گېرما-
نىيىدە رەسمىي نەشردىن چىققان كىتابىنىڭ بىر نۇسخىسىنى
پوچتا ئارقىلىق بېيجىڭدىكى ئادرېسىمغا ئەۋەتىپ بەردى.

بۇ يىرىك ئىلمىي ئەسەر ئاخىرى تارىم ئويمانلىقىدىن
يىراق بىر جايدا ـ بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىللار ئىلگىرى
تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيىسىگە قىزىققان مەشھۇر
ئەرباب، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ف. ۋون
رېچخوفېن (1833 ـ 1905) نىڭ يۇرتىدا ئۇيغۇرچە كىرىش
سۆز بىلەن گېرمان تىلىدا يورۇقلۇققا چىققانىدى.

2

تارىم ئويمانلىقىنىڭ قوقاستەك تىنىپ كەتكەن چوڭ-
قۇرلۇقلىرىدا ئەسىرلەر بويى كارۋانلارنى ئۆز مەنزىلگە
چاقىرىپ كەلگەن كۆپلىگەن غايىۋى شەھەرلەر بار ئىدى.
ئۇلارنىڭ خارابىلىرى ھېلىھەم رىۋايەتلەرگە كۆمۈلۈپ
ياتماقتا. «خورازلار چىللاپ، ئىتلار قاۋاپ» تۇرىدىغان
بۇ غايىۋى شەھەرلەرنىڭ قاچانلاردا قۇم ئاستىغا غەرق

بولغانلىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. شەھرى كېتىك، شەھرى دەقيانۇس، پىشامشان، كرورەن... قايسىدۇر بىر شەھەرلەرنىڭ ناملىرى ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپمۇ كەتتى.

لوپنۇر ۋادىسىدىكى مىرەندىن ئۆگزىگە چىققان خوراز شۇ ماڭغان پېتىچە يەرگە چۈشمەي يەركەنگە يېتىپ بارالايدىغان بۇ ئۇزاق يېشىللىق لىنىيىسىدىكى كۆپلىگەن غايىۋى شەھەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قۇم ئاستىغا غەرق بولدى.

شۇنداق، ئۆتمۈشتىكى غايىۋى شەھەرلەر غايىب بولدى.

ئەمما ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ نەسلى ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

تارىم گىرۋەكلىرىدە يېڭى شەھەرلەر بىنا قىلىندى.

بوستانلىقلاردا ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاپ كەلگەن ئاشۇ ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر بۇ يەرنىڭ ناچار تەبىئىي مۇھىتىدا ئۆزىنىڭ ياشاش شارائىتىنى قانداق ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇشنى ئۆگەندى. ئۇلار ئەزەلدىن بۇ يەرنى تاشلاپ يىراقلارغا كېتىشنى ئويلاپ باقمىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قۇم تۇپراق ئۈچۈن تۇغۇلغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، بۇ زېمىنمۇ ئەزەلدىن ئۇلارنى يات كۆرۈپ باقمىدى. چۈنكى باشقا ھېچبىر ئىنسان بۇ يەرنى ئۇلارچىلىك سۆيۈپ باققان ئەمەس ئىدى.

بوستانلىق ئاھالىلىرى ئۈچۈن قۇم - بورانلارنىڭ تەھدىتى، بوستانلىقلارنىڭ غايىب بولۇشى، ئەگىز - كەلكۈنلەرنىڭ زەربىسى، دەريا - تارىملارنىڭ ئورۇن يۆتكىشى تەبىئەتنىڭ نورمال قانۇنىيەتلىرىدىن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، ئەمگەكچان ئىككى قولى ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ شاش تىزگىنىنى قايسى تەرەپكە بۇراشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەبىئەتنىڭ خەير - ئېھسانلىرىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلەتتى.

ئۇلار تەبىئەتنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى بولغان ئىنساننى ھاۋا، سۇ، تۇپراق ۋە ئوتتىن ئىبارەت تۆت تادۇنىڭ بىرلىكىدە كۆزىتەتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئىنسان تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا تەبىئەتمۇ ئىنساننىڭ بىر قىسمى ئىدى. شۇڭا ئۇلار تاغلارنى، دەريالارنى، قۇملۇقلارنى، توغراقلىقلارنى، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنى سۆيەتتى. تەبىئەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قايناق ۋۇجۇدىنىڭ ئىچكى بىرلىكىدە مەۋجۇتلۇقىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ ئۇتوپىيىلىك شەھەرلىرى تەكلىماكاندىكى ئىنسان تۈركۈملىرى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ غايىۋى بىرلىكىدە بىنا قىلىندى. ئاقباش تاغلار، ئەزىم دەريالار، بىپايان قۇملۇقلار ۋە يېشىل بوستانلىقلارنىڭ ئىچكى مۇۋازىنىتى غايىۋى شەھەرلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتلەندۈردى.

بوستانلىقلار سۇغا چىداملىق، ئەي بولۇشى ئاسان، تۇپراقنى تۇتۇپ تۇرۇشى ياخشى بولغان دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنى تاللاپ چىقتى. قۇرغاق رايونلارغا ماس كېلىدىغان شىرنىلىك مېۋە دەرەخلىرى بوستانلىقلارنىڭ تۇرمۇشىغا باياشادلىق بەخش ئەتتى. كىشىلەر ئۆي سېلىشتىن بۇرۇن دەل - دەرەخ تىكىدىغان ئەنئەنىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇردى. باغ - ۋارانلىق ھويلا - ئارام مەدەنىيىتى — بوستانلىق شەھەرلىرىنىڭ تىپىك ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ يادروسىغا ئايلاندى. دەل - دەرەخلەرنى كېسىش خۇددى ئىنساننىڭ پۇت - قولىنى كەسكەندەكلا گۇناھلىق قىلمىش ھېسابلاندى.

قۇملۇقلاردىكى بوستانلىق مەدەنىيىتى ئەنە شۇنداق يارىتىلدى.

قەدىمكى بوستانلىقلاردىكى غايىۋى شەھەرلەر ئەنە شۇنداق بەرپا قىلىندى.

غايىۋى شەھەرلەردىكى ئىجتىمائىي ھايات ئەنە شۇنداق داۋاملىشىپ كەلدى.

3

20 - ئەسىرنىڭ شىددەتلىك رىقابىتى ھەممە نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئىنسانلار ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرغۇنلۇقتىن كېيىن، 20 - ئەسىرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئىچىدە يەر شارىدىن ھېسسىيات ۋە رومانتىكىنىڭ غايىب بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. غايىۋى شەھەرلەرنىڭ غايىۋى رىۋايەتلىرىمۇ ئەقىل تەڭرىسى ئىنسانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئۆز سېھرىي كۈچىنى يوقاتتى.

يىپەك يولىنى بويلاپ زور كۆلەملىك قايتا قۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئىلگىرىكى غايىۋى شەھەرلەر ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى مەنىدىكى «زامانىۋى شەھەر» بەرپا قىلىش پىلانى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئاستانە بېيجىڭ، داڭلىق مەركىزىي شەھەر شاڭخەي ۋە دېڭىز بويىدىكى باشقا چوڭ شەھەرلەرنىڭ كۆكەرتىش لايىھىسى

ۋە شەھەر قۇرۇلۇش مودېللىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا قاراپ كېڭەيدى. ھەتتا مەملىكەتىمىزنىڭ يىراق غەربىي قىسمىدىكى ئىقلىمى، كىلىماتى، يەر شارائىتى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئاسمان زېمىن پەرق قىلىدىغان بوستانلىق شەھەرلىرىدىمۇ بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىنى دوراپ كەڭرى مەيدان قۇرۇش، سۈجۇ، خاڭجۇدىكى راۋاقلىق باغچىلارغا ئوخشاش سۈنئىي ھالدا بىر تۈتاش باغ بەرپا قىلىش، ئەسلىدىكى دەل - دەرەخلىق يوللارنى بۇزۇپ ئاسفالتلاشقان كوچىلارنى ياساش ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلاندى. خۇددى ئاپتور كىتابىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا تەكىتلىگىنىدەك: «قۇرغاق رايونلاردا شەھەر بەرپا قىلىش ۋە يېشىللاشتۇرۇش جەھەتتە يەرلىكلەر تارىختىن بۇيان ئىجاد قىلغان ۋە ئەۋلادمۇئەۋلاد قوللىنىپ كەلگەن ئەنئەنە ۋە تەجرىبە - ساۋاقلار يېتەرلىك ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. ‹زامانغا ماسلىشىش› قىزغىنلىقى ‹شەرت - شارائىتقا ماسلىشىش› زۆرۈرىيىتى ئۈستىدىن غالىب كەلدى. نەتىجىدە، ئەسلىدە پەقەت غەربنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ‹چىملىق مەدەنىيىتى› قانداقتۇر تەرەققىيات ۋە ئىلغارلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە شەرقتىكى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان ئەللەردە، جۈملىدىن جۇڭگودا، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئوخشاش كەڭ قۇرغاق رايونلىرىدا يېقىنقى بىرنەچچە ئون يىل مابەينىدە ناھايىتى زور ئالقىشقا ئېرىشتى. مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە ‹بىر تۈتاش شەھەر قۇرۇلۇش لايىھىسى›نى قوللىنىش، «بىرلىككە كەلگەن»، ‹قېلىپلاشقان› يېشىللاشتۇرۇش پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، شۇنىڭدەك ئۆزگىچىلىكنى يوقىتىپ، بىر خىللىقنى ئومۇملاشتۇرۇش مەزكۇر رايونلارنىڭ شەھەر قۇرۇش ئىشلىرىدا ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى».

بۇنىڭ بىلەن يېقىنقى 20 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بوستانلىق شەھەرلىرىدە «ئېگىز ئىمارەت، ئاسفالت يول ۋە ھەيۋەتلىك مەيدان» نىشان قىلىنغان شەھەر قۇرۇش ۋە كۆكەرتىش پىلانى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئەنئەنىۋى دەل - دەرەخ تۈرلىرى كېسىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن قۇرغاق رايونلارنىڭ شارائىتىغا ئانچە ماسلىشىپ كېتەلمەيدىغان يېڭى دەل - دەرەخ تۈرلىرى



بىنا قىلىندى.

بۇ ھال شىنجاڭنىڭ قۇرغاق رايون مۇھىتىغا يەنە بىر پاسسىپ ئېكولوگىيىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتمەي قالمىدى. ئاپتور مەزكۇر كىتابتا بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر شەرھلەيدۇ ۋە دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ: «بۇنداق ‹چۆلدە گولف توپ مەيدانى قۇرۇش› تىپىدىكى شەھەر كۆكەرتىش ئەندىزىسى مەيلى ئېكولوگىيە نۇقتىسىدىن ياكى ئىقتىسادىي سەرپىيات نۇقتىسىدىن ۋە ياكى مىللىي ئۆرپ - ئادەت نۇقتىسىدىن بولسۇن، جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدۇ. كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ھەرقانداق رايون ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كۈچى ۋە ئۆرپ - ئادەت ئەنئەنىسىگە ماس كېلىدىغان شەھەر يولىنى تاللاپ مېڭىشى ھەم يەرلىك ئەنئەنىۋى ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنى كۆپلەپ ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك».

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

مۇھەررىرى مۇختار مۇھەممەد

# مەركىزىي ئاسىيا قۇرغاق رايونلىرىدا شەھەر كۆكەرتىشنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاساسلىرى ھەققىدە تەتقىقات

—تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق شەھەرلەر مىسالىدا

ئۈمىت خالىق



### تەھرىر ئىلاۋىسى

ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە ئېكولوگىيە ئېغىنى كۈچەيتىش—نۆۋەتتە يەر شارى خاراكتېرلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. رايونىمىز شىنجاڭنىڭ ئىقلىم جەھەتتىن تىپىك قۇرغاق رايون مۇھىتىغا مەنسۇپلىقى، قۇملىشىش ۋە سۇ مەنبەسىنىڭ كەمچىل بولۇشىدەك ئېغىر ئېكولوگىيە مەسىلىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىزگە مۇھىت ئېغىنىڭ مۇھىملىقىنى ئېچىمۇ ھېس قىلدۇرماقتا.

2002 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىق ۋە مۇھىت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۈمىت خالىق گېرمانىيىنىڭ بېرلىن پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تۆت يېرىم يىللىق دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ، شەرەپ بىلەن دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن يازغان زور ھەجىملىك دىسسېرتاتسىيىسى يۇرتىمىزنىڭ جەنۇبىي بۆلىكى بولغان تارىم ئويمانلىقىدىكى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋە كورلىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ بوستانلىق شەھەرلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان. ئاپتور مەزكۇر دىسسېرتاتسىيىنى يېزىش جەريانىدا تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنى كۆپ قېتىم ئىلمىي جەھەتتىن تەكشۈردى، كۆزەتتى. تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلىغان ئەمەلىي ماتېرىياللىرى ۋە سۆھبەت خاتىرىلىرىنى گېرمانىيە ۋە ياۋروپانىڭ شەھەر ئېكولوگىيىسى ئىلمىي نەزەرىيىسى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ ئانالىز قىلدى. ئاخىرىدا كۈپلىگەن پاكىتلار ۋە ئىلمىي تەھلىللەر ئارقىلىق مەركىزىي ئاسىيانىڭ قۇرغاق رايون مۇھىتىدا بوستانلىق شەھەرلىرىنىڭ كۆكەرتىشنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەزكۇر دىسسېرتاتسىيە 2002 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بېرلىن پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنىدا ئوقۇلدى ھەمدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، «ئەلا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى» بولۇپ باھالاندى.

دىسسېرتاتسىيىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق شەھەرلىرىنىڭ يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيانقى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىلىرى گېرمانىيىلىك ئالىملارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئاپتورنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت چوڭ بوستانلىق شەھەر خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋە كورلا رايونلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە يېقىن كەلگۈسىدىكى كۆكەرتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاساسلىرى ھەققىدىكى ئىلمىي خۇلاسىسى مۇشۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. مەزكۇر دىسسېرتاتسىيە گېرمانىيە خەلقئارا ئىلمىي ھەمكارلىق فوندى جەمئىيىتى (DAAD) نىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن، گېرمانىيىنىڭ داڭلىق جۇغراپىيىشۇناس، قۇرغاق رايون مۇھىت مەسىلىلىرى تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور J. Kuchler نىڭ نەشر ئەپكارلىقىدىكى «بېرلىن مۇھىت ۋە تەرەققىيات مەجمۇئەسى»نىڭ 20 ـ تومى سۈپىتىدە 2003 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گېرمان تىلىدا نەشر قىلىندى.

دوكتور ئۈمىت خالىق 1966 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھىرىدە تۇغۇلدى. 1982 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى. 1987 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە يەنە شۇ فاكۇلتېتتا پروفېسسور مجىت خۇدابەردىنىڭ يېتەكلىشىدە ماگىستىرلىق ئاسپىرانتلىقىنى تاماملىدى. ئۇنىڭ ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن يازغان «شىنجاڭدىكى ھەسەل مەنبەلىك ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش» ناملىق كىتابى مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ماگىستىرلىق ماقالىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى. ئۇ 1990 ـ يىلدىن 1995 يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 1995 ـ ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە شاڭخەي تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىدا گېرمان تىلى ئۆگەندى. 1997 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە گېرمانىيىنىڭ بېرلىن پەن—

*تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا زىيارەتچى ئالىم سۈپىتىدە بىلىم ئاشۇردى. 1998 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 2002 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە بېرلىن پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مۇھىت پىلانلاش ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇدى. بۇ جەرياندا جۇڭگو ـ گېرمانىيە مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەشكىللەنگەن مەخسۇس تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەركىبىدە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى. 2002 ـ يىلى 11 ـ ئايدا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ بېرلىن پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېكولوگىيە ئىنستىتۇتىغا كىرىپ دوكتورئاشتى سۈپىتىدە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا.*

*دوكتور ئۈمىت خالىق ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون، مەملىكەت دەرىجىلىك ۋە چەت ئەللەر بىلەن ھەمكارلاشقان تۆت چوڭ تەتقىقات تېمىسىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە قاتناشتى. مەملىكەت ئىچى ۋە گېرمانىيىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.*

*ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئوقۇرمەنلىرىمىزنى يۇرتىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ھەققىدە چەت ئەللەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن خەۋەرلەندۈرۈش مەقسىتىدە دوكتور ئۈمىد خالىقنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىدىن ئۆلگە بەردۇق. تۆۋەندە ئۇنىڭ گېرمان تىلىدا نەشر قىلىنغان زور ھەجىملىك ئىلمىي ئەمگىكى ـــ «مەركىزىي ئاسىيا قۇرغاق رايونلىرىدا شەھەر كۆكەرتىشنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاساسلىرى ھەققىدە تەتقىقات ـــ تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق شەھەرلەر مىسالىدا» ناملىق كىتابىنىڭ ئالدىغا بېرىلگەن ئۇيغۇرچە كىرىش سۆزىگە نەزەر ئاغدۇرغايسىز!*

شەھەرلىشىش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش ۋە ئىنسانلار ياشاش مۇھىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يەر شارى خاراكتېرلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردە ئاھالىنىڭ پارتلاش خاراكتېردە كۆپىيىشى، مەزكۇر رايونلارنىڭ شەھەرلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئەسلىدىكى تەبىئىي مۇھىتقا غايەت زور بېسىملارنى ئېلىپ كەلدى.

مۇھىت شارائىتىنىڭ ناچارلىقى ھەم سۇ بايلىقى مەنبەسىنىڭ كەمچىل بولۇشىدەك تەبىئىي چەكلىمىلەرگە قارىماي، دۇنيا مىقياسىدىكى بىپايان قۇرغاق رايونلاردىمۇ زامانىۋىلىشىشنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كەڭ كۆلەملىك شەھەرلىشىش دولقۇنى قوزغالدى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىنى مەنبە قىلغان سانائەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن «زامانىۋى شەھەر قۇرۇش ئەندىزىسى» پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىكى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان ئەللەرنىڭ شەھەر قۇرۇش ئۆرنىكىگە ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن قۇرغاق رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ياشاش ھەم ئولتۇراقلىشىشىدىكى بىردىنبىر ماكانى ھېسابلىنىدىغان بوستانلىقلار، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىي قىياپىتىدىن، بولۇپمۇ بۈك ـ باراقسان يېشىل يېپىنچىسىدىن ئايرىلىش بېسىمىغا دۇچ كەلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان، شەھەر كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى ۋە ئاھالىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىشى سەۋەبلىك، قۇرغاق رايونلاردا ھاياتلىقنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدىغان سۇ بايلىقىغا قارىتا بېسىم كۈچىيىپ، بۇ رايونلارنىڭ ئەسلىدىنلا ئىنتايىن ئاجىز بولغان ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىدا تەڭپۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نۆۋەتتە يەر شارى ئىقلىمىنىڭ تەدرىجىي ئىللىپ بېرىشى، قۇرغاق رايونلار مۇھىتىنىڭ كېلەچىكىگە قارىتا ئەنسىزلىك پەيدا قىلىپ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەتراپلىق، ئىلمىي ئاساستا ئويلىنىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇردى. ئاسىيانىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىدا، بولۇپمۇ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئېگىز تاغ قار ـ مۇزلىرىنىڭ ئېرىگەن سۈيىدىن تولۇقلىنىدىغان دەريالارغا يېقىنىپ كۆكلەيدىغان بوستانلىقلار ۋە ئۇلارنى بازا قىلغان شەھەرلەرنىڭ قارىماققا سۇ بايلىقى نىسبەتەن مول، سۇ ئېھتىياجى ھازىرچە نىسپىي كاپالەتكە ئىگە بولسىمۇ، قار ـ مۇز زاپىسىنىڭ شىددەت بىلەن ئازىيىشى سەۋەبلىك، بۇ خىل كاپالەت ئەھۋالىنىڭ ئۇزاققا داۋاملاشمايدىغانلىقى، كۆپلىگەن غەرب مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.

يەنە بىر تەرەپتىن، شەھەر قۇرۇلۇش دائىرىسىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىشى، ئاسفالتلاشقان كۆلەمنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىشى، شۇنداقلا شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ شەھەر ئىچى ۋە ئەتراپىتىكى يېشىللىقلارغا، باغچا ـ ئارامگاھلارغا، سەيلە ـ ساياھەت نۇقتىلىرىغا، شۇنىڭدەك «يېشىللاشقان ئولتۇراق جاي» مۇھىتىغا بولغان ئېھتىياجى پەيدىنپەي ئېشىپ باردى. بۇ خىل ئېھتىياج ھازىرقى زامان شەھەر لايىھىسى ۋە قۇرۇلۇشىغا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى.

مۇكەممەللەشكەن ھەم ئۆزئارا تورلاشقان شەھەر يېشىللىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى ئېكولوگىيىلىك ئاساستا سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەردە خېلىدىن بېرى شەھەر ئومۇمىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تېگىشلىك ئېتىبارغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. ۋەھالەنكى،



بۇ خىل يېشىللاشتۇرۇش پرىنسىپىنىڭ، جۇملىدىن شەھەرلەردە يېشىللىق بەرپا قىلىش ئىگىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردىكى ئۆزلەشتۈرۈلۈشىنى قانداقتۇر دوگما ۋە ئۆلۈك هالدا تەقلىد قىلىش، ھەتتا ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىش بىلەنلا چەكلەندى. قۇرغاق رايونلاردا شەھەر بەرپا قىلىش ۋە يېشىللاشتۇرۇش جەھەتتە يەرلىكلەر تارىختىن بۇيان ئىجاد قىلغان ۋە ئەۋلادمۇئەۋلاد قوللىنىپ كەلگەن ئەنئەنە ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلار يېتەرلىك ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. «زامانغا ماسلىشىش» قىزغىنلىقى «شەرت ـ شارائىتقا ماسلىشىش» زۆرۈرىيىتى ئۈستىدىن غالىب كەلدى. نەتىجىدە، ئەسلىدە پەقەت غەربنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي شارائىتىغا مۇناسىپ كېلىدىغان «چىملىق مەدەنىيىتى» قانداقتۇر تەرەققىيات ۋە ئىلغارلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە شەرقتىكى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان ئەللەردە، جۈملىدىن جۇڭگودا، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونىغا ئوخشاش كەڭ قۇرغاق رايونلىرىدا يېقىنقى بىرنەچچە ئون يىل مابەينىدە ناھايىتى زور ئالقىشقا ئېرىشتى. مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە بىر تۇتاش شەھەر قۇرۇلۇش لايىھىسىنى قوللىنىش، «بىرلىككە كەلگەن»، «قېلىپلاشقان» يېشىللاشتۇرۇش پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، شۇنىڭدەك ئۆزگىچىلىكنى يوقىتىپ بىر خىللىقنى ئومۇملاشتۇرۇش —مەزكۇر رايونلارنىڭ شەھەر قۇرۇش ئىشلىرىدا ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەرنى يېشىللاشتۇرۇشنىڭ ئېكولوگىيىلىك رولى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە سەل قارىلىپ، «سۇنئىي گۈزەللەشتۈرۈش» ئارتۇقچە تەكىتلەندى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا تەخمىنەن 100 يىل بۇرۇن مودا بولغان شەھەرلەرنى «بېزەش» (city cosmetic) قىزغىنلىقى گەرچە شۇ رايونلارنىڭ ئۆزىدە ھازىرقى زامان «شەھەر ئېكولوگىيىسى» ئاساسىدا ئاللىقاچان ئىلمىي يوسۇندا تۈزىتىۋېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئاتالمىش «مودا» جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي يۈكسىلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئاجايىپ تېز سۈرئەتتىكى «زامانىۋىلىشىش» ياكى «شەھەرلىشىش» دولقۇنىغا سىڭىپ كىردى.

شەرقتىكى ئۆزگىچە مەدەنىيەتكە ئىگە چوڭ دۆلەت جۇڭگودا تەبىئىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شەرت ـ شارائىتلىرى ۋە تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان 700 دىن ئارتۇق چوڭ ۋە






بۇخەرىتىدىكى سۇس قارامتۇل بەلگىسى بار جايلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بوستانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئوتتۇرا تىپتىكى شەھەرلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نەچچە مىڭلىغان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر ـ بازارلىرى يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا. ۋەھالەنكى، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە يېشىللاشتۇرۇش لايىھىسىدىكى بىر خىللىق ئەنە شۇ شەھەرلەرنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بارغانسېرى يوقىتىپ بارماقتا. پايتەخت بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىنى، چاڭئەن كوچىسىنى، شاڭخەيدىكى ۋەيتەن ساھىلىنى، شۇنداقلا شياڭگاڭ، سىنگاپورنىڭ شەھەر بىناكارلىق ئەندىزىلىرىنى ئۆرنەك قىلغان «ئېگىز ئىمارەت، كەڭ يول، ھەيۋەتلىك مەيدان» قۇرۇش قىزغىنلىقى، جۇڭگونىڭ تەرەققىي تاپقان دېڭىز بويلىرى رايونىدىن تاكى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان يىراق غەربىي شىمالدىكى قۇرغاق رايون شەھەرلىرىگىچە ئەۋج ئالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل قىزغىنلىق ئەسلىدىنلا چوڭ تىپتىكى شەھەر ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىغا قىزىقىدىغان ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ نەتىجە كۆرسەتكۈچىسى ۋە خىزمەت مۇۋەپپەقىيىتى قىلىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن ئاز ساندىكى بىر قىسىم يەرلىك رەھبەرلەرنىڭ تەسىرىدە تېخىمۇ ئۇلغايدى.

ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتى ھەم تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ باشقا رايونلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. تېپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق ئىقلىم ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بۇ بىپايان زېمىندا، بولۇپمۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئىنتايىن ئاز، دېڭىز ـ ئوكيانلارغا ناھايىتى يىراق بولغان قۇرغاق مۇھىتلىق تارىم ئويمانلىقىدا ئۆزگىچە بوستانلىق ئېكولوگىيىسى ۋە يېشىللىق مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن. دۇنياغا مەشھۇر بولغان تەكلىماكان چۆلىنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىقلار، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن نەچچە مىڭ يىللىق شەھەرلىشىش تارىخىغا ئىگە. بۇ رايوننى ماكان قىلغان ئۇيغۇر خەلقى، تارىختىن بۇيان ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي شەرت ـ شارائىتىغا ماسلاشقان ھالدا، ئومۇمەن سۇ مەنبەسىنى قوغلىشىپ (كۆپىنچە دەريا بويلىرىدا) ئولتۇراقلىشىپ باغۇ بوستان ۋە ئاۋات شەھەرلەرنى بەرپا قىلغان. ئۇلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ، قۇملۇق، بوستانلىق ۋە دەريا ـ ئېقىنلىرىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى ئاساسىدا يەرلىك ئۆزگىچىلىككە ئىگە بوستانلىق شەھەر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار يەنە ئىقلىمى ئاجايىپ قۇرغاق، ھۆل ـ يېغىنسىز، قۇم ـ بورانلىق، پىژغىرىم ئاپتاپ مۇھىتىدا ياشاش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن ئۆزگىچە

يەرلىك ئۇسلۇبقا ئىگە بىناكارلىق سەنئىتىنى ياراتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى كۆكەرتىش تېخنىكىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ ۋە باغ - ۋارانلارنىڭ ئولتۇراق مۇھىتىنى ياخشىلاشتىكى تۈرلۈك رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن. مانا بۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ قۇرغاق ۋە ھۆل - يېغىنسىز ناچار مۇھىتىدا مارجاندەك تارقالغان «قۇم دېڭىزىدىكى يېشىل ئارال»—بوستانلىقلارنىڭ ئەسىرلەر بويى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغانلىقى ھەم ھاياتلىقىنىڭ بۆشۈكى سۈپىتىدە رول ئوينىۋاتقانلىقىنىڭ سىرىدۇر. ھالبۇكى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدىن باشلانغان، بولۇپمۇ يېقىنقى 20 ـ 30 يىل مابەينىدە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن «زامانىۋى شەھەر قۇرۇش» چاقىرىقىنىڭ كۈچلۈك ئىجراسى نەتىجىسىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بوستانلىق شەھەرلەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ۋە شەھەر يېشىللىق قۇرۇلمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. زور نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى جەريانىدا، قىسمەن سەۋەنلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە. كۆپ قەۋەتلىك «زامانىۋى» ئىمارەتلەر بىر قەۋەتلىك «سەھراچە» ھويلىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئېھتىياجدىن ھالقىغان كەڭ ئاسفالت يوللار ۋە سېمونتلاشقان چوڭ كۆلەملىك مەيدانلار كۆپلىگەن بوستانلىقلارنى، جۈملىدىن شەھەرلەردىكى يېشىللىقلارنى نابۇت قىلىپ، مەزكۇر رايوندىكى بوستانلىق شەھەرلەرنى ئەسلىدىكى مىللىي خاسلىقتىن، ئۆرپ - ئادەت ئەنئەنىسىدىن ھەمدە يېشىلزار قىياپىتىدىن ئايرىدى. بەزى شەھەرلەردە ئىچكى ئۆلكەلەردىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەيۋەتلىك مەيدانلىرىنى دوراپ، ئەسلىدىكى بۈك - باراقسان باغچىلار ۋە دەل - دەرەخلەر كېسىپ تاشلاندى. كۆپلىگەن يەرلىك دەرەخ تۈرلىرىنىڭ ئورنىنى سىرتتىن، جۈملىدىن باشقا جۇغراپىيىلىك بەلۋاغلاردىن كەلتۈرۈلگەن ئاز ساندىكى مەنزىرە دەرەخلىرى ۋە «تەشتەك گۈللىرى» ئىگىلىدى. يەرلىك تۈرلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك، سۇغىرىش ۋە پەرۋىش ئېھتىياجىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدەك پايدىلىق تەرەپلىرىگە سەل قارالدى. بۇنداق «چۆلدە گولف توپ مەيدانى قۇرۇش» تىپىدىكى شەھەر كۆكەرتىش ئەندىزىسى مەيلى ئېكولوگىيە نۇقتىسىدىن ياكى ئىقتىسادىي سەرپىيات نۇقتىسىدىن ۋە ياكى مىللىي ئۆرپ - ئادەت نۇقتىسىدىن بولسۇن، جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدۇ. كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ھەرقانداق رايون ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كۈچى ۋە ئۆرپ - ئادەت ئەنئەنىسىگە ماس كېلىدىغان شەھەر كۆكەرتىش يولىنى تاللاپ مېڭىشى ھەم يەرلىك ئەنئەنىۋى ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنى كۆپلەپ ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك.

ئاپتور يۇقىرىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشنى چىقىش قىلغان ھالدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق تۆت شەھەردە 1998 ـ ۋە 2000 ـ يىللىرى ئىككى قېتىملىق سىستېمىلىق تەكشۈرۈشتە بولدى. تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ۋە سۆھبەت خاتىرىلىرىنى قايتا - قايتا رەتلىدى ۋە ئانالىز قىلدى. شۇنىڭدەك بۇلارنى گېرمانىيە ۋە باشقا تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىنىڭ شەھەر ئېكولوگىيىسى ئىلمى ھەم شەھەر كۆكەرتىشكە ئائىت ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن سېلىشتۇرما تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىدە كۆكەرتىش ئىشلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا ئىلمىي ئاساس يارىتىش مەقسىتىدە بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتى. پۈتۈن كىتاب مەزمۇن جەھەتتىن جەمئىي يەتتە بابتىن تەشكىل تاپتى:

بىرىنچى بابتا مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنىڭ تاللىنىش ئارقا كۆرۈنۈشى، تەتقىقات مەقسىتى، ئەھمىيىتى، ھەل قىلماقچى بولغان ئاساسىي مەسىلىلەر ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرى؛ «شەھەر كۆكەرتىش» تىن ئىبارەت بۇ ئۇنىۋېرسال تېمىنىڭ خەلقئارا، جۇڭگو ۋە شىنجاڭدىكى تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى، مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلاردا تولدۇرۇشقا تېگىشلىك بوشلۇقلار، مەزكۇر تەتقىقاتقا مۇناسىۋەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنىڭ سەۋىيىسى ھەم



پايدىلىنىش قىممىتى قاتارلىق مەسىلىلەر تەپسىلىي بايان قىلىندى.

ئىككىنچى بابتا تەتقىقات ئوبيېكت قىلىنغان رايون — جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، ئېكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى؛ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن بۇيانقى سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تارىخى ھەم تەرەققىيات ئەھۋالى؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بوستانلىق ئىگىلىك شەكلى؛ يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى كەڭ كۆلەملىك بوز يەر ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ شۇ جاينىڭ لاندشافتلىق قۇرۇلمىسىغا كەلتۈرگەن ئاقىۋەتلىرى پاكىتلىق بايان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ھەم شەھەرلىشىش سەۋىيىسىنى چەكلىگۈچى ئېكولوگىيىلىك ئامىللار سىستېمىلىق ئانالىز قىلىندى. ئاخىرىدا خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق تۆت شەھەرنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى توغرىسىدىكى تونۇشلار ۋە كېلەچەكى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار ھەر خىل پارامېتىرلار ئاساسىدا بايان قىلىندى.

ئۈچىنچى بابتا جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىدىكى يېشىللىق سىستېمىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن ئەتراپلىق خۇلاسە چىقىرىلدى. شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەملەر بويىچە شەھەرلەردىكى يېشىللىقلارنى تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ ئىلمىي ئاساسى يەكۈنلەندى. ھەرقايسى يېشىللىق تىپلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئانالىز قىلىندى، بۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە مۇھىت شارائىتىدا ئوينايدىغان ئالاھىدە رولى شەرھلەندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرى، ھويلا ـ ئارام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى سىستېمىلىق مۇھاكىمە قىلىندى. ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش ئەھۋالى باھالاپ بېكىتىلدى، شەھەر كۆكەرتىش ئىشلىرىدىكى ئاجىز نۇقتىلار كۆرسىتىپ بېرىلدى.

تۆتىنچى بابتا جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ 50 يىللىق شەھەر كۆكەرتىش تارىخى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، شەھەر كۆكەرتىشكە مۇناسىۋەتلىك ھەر دەرىجىلىك قانۇن ـ مىزانلار، ئۆلچەم ـ بەلگىلىمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، شۇنداقلا شەھەر كۆكەرتىش خىزمىتىگە مەسئۇل



ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى، باشقۇرۇش دائىرىسى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ھەم ئايرىملىقلار ئانالىز قىلىندى. ئاخىرىدا نۆۋەتتە ئىشلىنىۋاتقان شەھەر كۆكەرتىش خىزمىتىنىڭ قانۇنىي ئاساسلىرى، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ھەم شەھەر كۆكەرتىش تارماق پىلانىنىڭ شەھەر ئومۇمىي تەرەققىيات پىلانىدىكى ئېتىبارغا ئېلىنىش دەرىجىسى باھالىنىپ چىقىلدى.

بەشىنچى بابتا بوستانلىق مەدەنىيىتى، جۈملىدىن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىزىسىنى ھازىرقى زامان شەھەر مەدەنىيىتى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى تەكىتلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە غەربلىكلەرنىڭ يېشىللىق ئېڭى، جۈملىدىن گۈزەللىك ئەنئەنىسىدىكى ئورتاقلىقلار ۋە پەرقلەر يورۇتۇپ بېرىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆكەرتىش مەدەنىيىتىدىكى بەزى ئىلغار تەجرىبىلىرى ۋە ئاچچىق ساۋاقلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۆكەرتىش خىزمىتىگە ئۈرنەك قىلىش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساسلار كۆرسىتىلدى.

ئالتىنچى باب مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنىڭ نۇقتىلىق مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا جەنۇبىي شىنجاڭ



شەھەرلىرىنىڭ كۆكەرتىش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۆسۈملۈك (دەرەخ)تۈرلىرىنى تاللاپ چىقىش مەقسەت قىلىندى. بۇ بابتا جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان 82 خىل ئۆسۈملۈك تۈرى ئېكولوگىيىلىك، بوتانىكىلىق ۋە باشقا كۆپ خىل ئۆلچەملەر ئاساسىدا سىستېمىلىق باھالاپ بېكىتىلدى. مەزكۇر رايوننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۆكەرتىش ئىشلىرىغا بىر قەدەر ماس كېلىدىغان، ئېكولوگىيىلىك ماسلىشىش ئىقتىدارى، پايدىلىنىش قىممىتى ۋە ئېستېتىك رولى يۇقىرى 30 خىل دەرەخ تۈرى تاللاپ چىقىلدى ھەمدە بۇ تۈرلەرنىڭ بىئولوگىيىلىك، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىنىشنىڭ يوللىرى كۆرسىتىپ بېرىلدى.

يەتتىنچى بابتا مەزكۇر تەتقىقات جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن يېڭى ئىدىيە ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر خۇلاسىلەندى. بۇنىڭدا جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ كۆكەرتىلىشىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئانالىز قىلىندى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاشلىق ۋە يېزا ئىگىلىك مەھكىمىسى (FAO)دۇنيادىكى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان ئەللەر ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان «شەھەر ئورمانچىلىقى» لايىھىسى (urban forestry concept) نىڭ جۇڭگوغا، جۈملىدىن شىنجاڭغا قانچىلىك دەرىجىدە ماس كېلىدىغانلىقى ئانالىز قىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ يېشىللىق سىستېمىسىنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بەزى كۆز قاراشلار، تەكلىپ - پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنىڭ مەزمۇنىنى ئېخچام بېيىتىش ئۈچۈن كىتاب ئاخىرىغا ئىككى دانە خەرىتە ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرى ۋە شۇ شەھەرلەرنىڭ يېشىللىق كۆرۈنۈشلىرىدىن تاللىۋېلىنغان 52 پارچە فوتو سۈرەت (CD) قوشۇمچە قىلىندى.

ئاخىرىدا تەتقىقاتىمنىڭ نەتىجىلىك ئاخىرلىشىشىغا ئالاھىدە كۈچ قوشقان بارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرگە، بولۇپمۇ ئۇستازلىرىم پروفېسسور دوكتور يوھاننېس كۈچلېر (Prof. Dr. Johannes Kuchler)، پروفېسسور دوكتور دىتېر ئوۋېردىك (Prof. Dr. Dieter Overdieck) ۋە پروفېسسور مىجىت خۇدابەردىلەرنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىگە، تۆت يېرىم يىللىق گېرمانىيە ھاياتىمنى دوكتورلۇق ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن تەمىنلىگەن ھەم مەزكۇر كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن گېرمانىيە خەلقئارا ئىلمىي ھەمكارلىق فوندى جەمئىيىتى (DAAD)گە، گېرمانىيىدىكى تەتقىقاتىمغا تەشكىلىي جەھەتتىن شارائىت يارىتىپ بەرگەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە، قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئايىمىغان، تەپەككۇرىمغا كۈچ قوشقان ھەر مىللەت كەسپداشلىرىمغا، ھەم شۇنىڭدەك جاپالىق چەت ئەل ھاياتىدا مەن بىلەن بىللە تۇرۇپ، مېھرىبانلىق يەتكۈزگەن ئايالىم گۆھەر ۋە ئوغلۇم ئۆتكۈرگە، خىزمىتىمنى ماددىي، مەنىۋى جەھەتلەردىن قوللىغان ئاتا - ئانام ۋە قېرىنداشلىرىمغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ ئىلمىي ئەمگىكىمنى تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا «يېشىللىق» ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز كۈچ قوشۇۋاتقان ئەمگەكچان خەلقىمگە تەقدىم قىلىمەن!

ئاپتوردىن

گېرمانىيە بېرلىن

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

مۇختار مۇھەممەد



# «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا»مۇ



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلى-
كى، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتەك ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تۈرت-
كىسىدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن
ئېتىبارەن يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەدرىجىي تەرەققىي
قىلىپ، بۈگۈنگە كەلگەندە كۆلەملەشكەن ھالەتكە يەتتى.
شۇ يىللاردا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم را-
يونلىرىدىن يۈننەن، گۇيجۇ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلىرىدا
چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىنىپ دەس-
لەپكى قەدەمدە فولكلور ساياھەتچىلىكى يولغا قويۇلغان-
دى. شۇ جايلاردىكى ساياھەت تۈرلىرىنى ئاچقان كەسپىي
ساياھەت ئورۇنلىرى ئۆز جايىنىڭ غوللۇق ئىقتىسادىي
گەۋدىسىگە ئايلانغانىدى. شۇ چاغدا دەسلەپكى قەدەمدە مەم-
لىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا يۈننەن،
گۇيجۇ، گۇاڭشىدىكى ساياھەت ئورۇنلىرى تەشۋىقاتىنىڭ
ئاساسىي ئوبيېكتىغا ئايلاندى. شۇ چاغلاردا باشقا مىللەت-
لەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن خەۋىرى يوقلارمۇ دەيزۇ-
لارنىڭ سۇ چېچىش بايراملىرىنى، جۇاڭزۇلارنىڭ قوشاق
ئېيتىش مۇراسىملىرىنى، ساياھەت نۇقتىلىرىدىن گۇيجۇ-
نىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى، يۈننەننىڭ تاش ئورمانلىرىنى
بىلەتتى. يۇقىرىقى جايلاردىكى ساياھەت ئورۇنلىرى ئۆز
ۋاقتىدا توغرا يولنى تاللاپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تاماشا قىلىشنى ساياھەت تۈرىگە
ئايلاندۇرغانىدى، شۇ جايدىكى ئەنئەنىۋى ئۆي ـ ئىما-
رەت، تاغ ـ ئورمانلارنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ئەينەن ساقلاپ
ساياھەتچىلىكنى شۇ جايلارنىڭ غوللۇق ئىقتىسادىي گەۋ-
دىسىگە ئايلاندۇرغاندىن سىرت، يەنە قوشۇمچە نۇرغۇن
كەسىپلەرنى يەنى ساياھەت بۇيۇملىرى، مېھمانسارايى، يې-
مەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ... تىجارىتىنى يولغا
قويدى. يۈننەن گۇيجۇ، گۇاڭشىدىكى ھەر دەرىجىلىك
ھۆكۈمەتلەر ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تو-
نۇپ يېتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى
نامايان قىلىدىغان فولكلور كەنتلىرىنى قۇردى. دۆلىتىمىز
ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرمۇ يۈننەن،
گۇيجۇ، گۇاڭشىلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ
ئادەتلىرىنى ساياھەت جەريانىدا چۈشەندى. يەرلىكلەرمۇ
ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى، قول ـ ھۈنەرۋەن بۇيۇملىرىنى پۇل
قىلدى. ساياھەتچىلەرمۇ نىسبەتەن ياخشى پىلانلانغان
ساياھەت تۈرلىرىدىن كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىشتى.

دېمەك، ئىككى تەرەپ رازى بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا ساياھەتنى پىلانلاشتا دەسلەپتىلا فولكلور ساياھەتچىلىكى پىلانلانغانىدى. ئەمما، بۇ فولكلور ساياھەتچىلىكىنى پىلانلىغۇچىلارنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلارنى پولو، «مەشرەپ» بىلەن، قازاقلارنى سۈتچاي، «قىز قوغلاش» (قىز قوۋار) بىلەن تونۇشتۇرۇپ كېلىۋەردى. ئەگەر ساياھەت تۈرىنى يولغا قويغۇچىلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى فولكلور كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن مەسلىھەت ئالغان، ئۇلار بىلەن ياخشى كېڭەشكەن بولسا ئىدى، بىزنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىمىز توغرا يولنى بويلاپ تېز روناق تاپقان بولاتتى.

شىنجاڭ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت، ئۈچ چوڭ دىن قوشۇلغان جاي. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە پارلاق مەدەنىيەتلىرى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تۈرلەر بويىچە ساياھەت فولكلورى قىلىپ ئېچىشقا تامامەن بولىدۇ. «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەندەك تا ھازىرغا قەدەر بىز بۇ ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلىنالمىدۇق. پەقەت ئۇيغۇرلارنىلا مىسالغا ئالساق، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە باشقا چوڭ جەھەتلەردىن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئىنچىكىلەپ كەلگەندە يەنىلا ئۆرپ ـ ئادەتتە قىسمەن پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. ساياھەتچىلىك جەھەتتە نوقۇل مەشرەپكىلا ئېسىلىۋالماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدىن قارلىق تاشلاش، كۆك مەشرىپى، باھار مەشرىپى، نورۇز، باغ سەيلىسى، ئورما، بۆشۈك تويى، خەتنە تويى، توي، جۇۋان تويى، ئاداۋەت يۇيۇش، ئوردا خېنىم، مازار تاۋاپ قىلىش، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، يېمەك ـ ئىچمەك، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن دارۋاز، ساغادى، ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىقلارنى فولكلور ساياھىتىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. بىراق، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ فولكلور ساياھەتچىلىكى قىلىپ ئېچىشقا بولىدىغان نۇرغۇن تۈرلىرى بۆلۈك ـ پۇشقاقلاردا غېرىبسىنىپ تۇرۇپتۇ. كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، شىنجاڭدىكى نىسبەتەن قەدىمكى شەھەرلەردىن قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، قۇمۇل، ئاقسۇ، كۇچا، يەكەن، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇن قەدىمى، مىللىي خاسلىقى گەۋدىلىك، ئۆزگىچە ئۆي ـ ئىمارەتلەر «ئەسكى تام» قاتارىدا چېقىلىپ كەتتى. ئەسلىدە بۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا، ساياھەت فولكلورىنىڭ نۇقتىلىرى قىلىشقا بولاتتى. بۇ زىيانلارنىڭ ئورنىنى ھېچكىم تولدۇرۇپ بېرەلمەيدۇ.

ئۈرۈمچىنى مىسالغا ئالساق ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا كەڭ كۆلەملىك شەھەر قۇرۇلۇشى باشلانغاندا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلغان بولسا، بۇ تولىمۇ كاتتا ئىش بولاتتى. ئەپسۇسكى، بىر ئىككى ئىمارەت ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ سېلىنىپلا، كېيىن سېلىنغان بىنالار پۈتۈنلەي خاسلىقىنى يوقاتتى. بىنالار سېلىنىۋەردى، ئاقىۋەتتە مەملىكىتىمىزدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەر كۆلىمىگە يەتكەن ئۈرۈمچى شەھىرى مىللىي ئالاھىدىلىكى يوق بىر شەھەر بولۇپ قۇرۇلۇپ چىقتى. شۇڭا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەنلەر بۇ شەھەرنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مەركىزىي شەھەرلەر بىلەن ھېچقانداق پەرقىنىڭ يوقلۇقىغا قاراپ «بۇ شەھەرنىڭ نېمىسىنى ئارزۇلايدۇ، ئىچكىرىدە ھەممە جاي مۇشۇنداققۇ» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ھېچقانداق مىللىي خاسلىقى يوق بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى سۆكتى. چۈنكى ئۈرۈمچى شەھىرى ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە شەھەر بولماي، ئۇلارنىڭ يۇرتىدىكىگە ئوخشاش قۇرۇلۇشلار بىلەن تولغان شەھەر بولۇپ چىققانىدى. «مەركىزىي شەھەر سەھەر گېزىتى» دىكى بىر خەۋەردە سابىق زۇڭلى جۇ رۇڭجىنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ قۇرۇلۇشىنى مىللىي خاسلىقى يوقكەن، دەپ تەنقىدلىگەنلىكىنى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئىمكانىقەدەر مىللىيلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇنىڭدىن بىز مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەرلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكنى قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا گەۋدىلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتىگە بەرگەن ئەھمىيىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شىنجاڭ ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ساياھەتچىلىكتىكى كونا قېلىپتىن قۇتۇلالماسلىقى، تۈرلەرنىڭ مول بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەنلەردە «شىنجاڭغا بارمىساڭ ئارماندا قالىسەن، بارساڭ پۇشايماندا قالىسەن» دەيدىغان گەپلەر تارالغان.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى شىنجاڭ ساياھەت ئىشلىرى ساھەسىدىكىلەرنىڭ فولكلور ساياھەتچىلىكىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تونۇپ يېتىپ، بىر قىسىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن سابىق رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى ئۆزگەرتىپ، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى سالمىقى توغرىسىدا توختالغاندا: «ساياھەت كەسپىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇپ، ساياھەت نۇقتىلىرىنى ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ساياھەت بازارلىرىنى ئېچىپ، ساياھەت بۇيۇملىرىنى مولLاشتۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. 2003 ـ يىلدىكى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا ئابلەت ئابدۇرېشىت يەنە: «ساياھەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر بازىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، قوغداش بىلەن ئېچىشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، رايوم مەبلىغىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ساياھەت نۇقتىلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىمۇ (2001) 20 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت) «ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارار»نى چىقاردى. قاراردا «2005 ـ يىلى شىنجاڭنى دۆلىتىمىزدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان مۇھىم خەلقئارالىق ساياھەت رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ساياھەت ئومۇمىي كىرىمىنى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈپ، 21 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ساياھەت ئەڭ جانلانغان، تەرەققىياتى ئەڭ تېز رايونلارنىڭ بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» قارار قىلىندى. ساياھەت ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىشانىنى ئاپتونوم رايونىمىز 2005 ـ يىلىغا بارغاندا ساياھەت تەرەققىياتىدا ھەسسىلەپ ئېشىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت ئومۇمىي كىرىمىنى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %10.9 ئاشۇرۇشنى يەنى 13 مىليارد 682 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈشنى، يەنى شۇ يىلدىكى ئاپتونوم رايونىمىز GDP سىنىڭ %7.45 گە يەتكۈزۈشنى نىشانلىدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ھەرقايسى جايلارنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىلا مىسالغا ئالساق، ھازىر «چوڭ بازار» قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بىر يۈرۈش ئۆرپ ـ ئادەت كوچىلىرى بارلىققا كەلمەكتە ۋە مىللىي بىناكارلىق سەنئىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن قۇرۇلۇشلارنى سېلىش پىلانلانماقتا. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سابىق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: بەش يىلدا 35 مىليون 200 مىڭ ساياھەتچىنى كۈتۈۋالغانلىقىمىزنى، ساياھەتتىن كىرگەن ئومۇمىي كىرىم 25 مىليارد يۈەنگە يەتكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن سىرت چەت ئەللىك ساياھەتچىلەردىن 1 مىليون 230 مىڭ ئادەم قېتىم كۈتۈۋېلىنىپ 460 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت يارىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

دېمەك، ساياھەتچىلىك بىر دۆلەت، رايون ئۈچۈن ھازىرقى ۋاقىتتا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك كەسىپ تۇرىدۇر. دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت، رايونلار ساياھەتچىلىكنى شۇ دۆلەت رايونىنىڭ غوللۇق كەسپىگە ئايلاندۇرغان. مەسىلەن، سىنگاپور، شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونى، ئۇۋمېن ئالاھىدە رايونى، جەنۇبىي ئافرىقا، تانزانىيە، ھاۋاي تاقىم ئاراللىرى، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، تايلاند، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە ... لەرنىڭ ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن كىرىمى ئۇلارنىڭ GDP سىنىڭ خېلى كۆپ سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ. فولكلور ساياھەتچىلىكىنى يولغا قويۇش، مەدەنىيەت ساياھىتىنى جانلاندۇرۇش ھازىر خەلقئارادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر يۈزلىنىۋاتقان نىشان، شۇنداقلا خەلقئارا ساياھەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، دۇنيادىكى داڭلىق ساياھەت ئورۇنلىرى يەرلىكتىكى ئالاھىدە خاسلىققا ئىگە مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، شۇ ئەۋزەللىكنى ساياھەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلغان. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى ھازىر راۋاجلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئەمما، ساياھەت نۇقتىلىرىنى ئېچىشتا ئىلمىي، ئىجابىي يولنى تاللاش كېرەك. بۇ ھەقتە ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ساياھەت نۇقتىلىرىنى قۇرۇشتا نادىر ئەسەر چۈشەنچىسىنى تىكلەش كېرەك. تارىخىي، مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنى قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تەبىئىي مۇھىتنى قوغداپ، سايا-

ھەتچىلىكنى كۆپ قاتلاملىقا، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەن-
دۈرۈشكە يۈزلەندۈرۈش كېرەك. ھەرگىز تۆۋەن قاتلام-
لىق، قارىغۇلارچە ئېچىشقا بولمايدۇ. بايلىق مەنبەلىرىنى
بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش، مۇھىتنى قۇربان قىلىش بەدى-
لىگە ساياھەتنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ».

بىز تەكىتلەۋاتقان ساياھەت نوقۇل زىيارەت، كۆڭۈل
ئېچىشنى مۇددىئا قىلغان ساياھەت بولماستىن، بەلكى
مىللەتلەر ئارا، دۆلەتلەر ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرى-
دىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئۆملۈك، ئىتتىپاقلىق، دوستى-
لۇقنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدىغان ھەم ئىجتىمائىي
ئۈنۈم، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدىغان ساياھەتتۇر.
بىز ساياھەت تۈرىنى ئاچقاندا نوقۇل ئىقتىسادىي ئۈنۈمە-
نىلا قوغلاشماستىن، بەلكى مۇشۇ تۈرنىڭ يەرلىكتىكىلەر-
نىڭ ھېسسىياتىغا كەلتۈرىدىغان تەسىرىنىمۇ ئويلىشىش
زۆرۈر. ياخشى پىلانلانغان ساياھەت تۈرى زىخنىمۇ، كا-
ۋاپنىمۇ كۆيدۈرمەيدۇ دېگەنلىك. ساياھەت تۈرىنى يولغا
قويغاندا نوقۇل ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشنىلا كۆزلەپ،
ساياھەت ئوبيېكتىغا كەلسە ـ كەلمەس ئويدۇرمىلارنى
باغلاۋەرسە، ئاقىۋەتتە ئېغىر ئىجتىمائىي ئاپەت كېلىپ
چىقىشى مۇمكىن. يەرلىكتىكى خەلقنىڭ ھېسسىياتىغا، ئې-
تىقادىغا، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتىگە، قائىدە ـ يوسۇنلى-
رىغا ھۆرمەت قىلىنمىسا، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر
يېتىشى مۇمكىن. شۇڭا ساياھەت تۈرلىرىنى يولغا قويغان-
دا، نۇرغۇن تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش زۆرۈر. ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ تەدرىجىي ئېچىلى-
شىغا ئەگىشىپ، قارىغۇلارچە ئېچىشتىن،
يا ئۈنداق يا مۇنداق سەۋەنلىكلەرنى
ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىش زۆرۈر. شۇڭا
ساياھەت ئورۇنلىرى فولكلورچىلار،
مىللەتشۇناسلار بىلەن يېقىندىن ھەم-
كارلاشقاندىلا، خاتالىقلاردىن ساقلىنالا-
يدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلىمىزنىڭ 2001 ـ
يىللىق 5 ـ سانىدا ئۆمەرجان ھەسەن
ئىمزاسىدا «قىرمىش ئاتام: ئىنساپ قى-
لىڭلار» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە
ئېلان قىلىنغانىدى. كۆلىمى 680 مودىن
ئاشىدىغان قىرمىش ئاتام مازىرى ئاقسۇ
ۋىلايىتى ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ تۇمشۇق
يېزىسى شېخىلا (ئەسلىي نامى شېيخ-
لار) كەنتىنىڭ شىمالىغا، يەنى ساۋاپچى
چارۋىچىلىق مەيدانىغا 10.7 كىلومېتىر
كېلىدىغان دېڭىز يۈزىدىن 1700 مېتىر ئېگىزلىككە جاي-
لاشقان. مازارلىقتا ئون نەچچە گۈمبەز بار. ئاپتور ئۆ-
مەرجان ھەسەن ماقالىسىدە خەلق ئارىسىدا تارقالغان
قىرمىش ئاتام مازىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن قىر-
مىش ئاتام مازىرىنىڭ تارىخىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان.
ئۆزىنىڭ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خادىملىرىغا
ھەمراھ بولۇپ، قىرمىش ئاتام مازىرىغا بارغاندىن كېيىن
(ئاپتور ئىلگىرىمۇ قىرمىش ئاتام مازىرىغا بارغانلىقىنى
ئەسلەپ ئۆتكەن) كۆرگەن كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈشلەرنى
يازغانىدى.

ئىگىلىشىمىزچە، قىرمىش ئاتام مازىرىدا ھازىرغىچە
ساقلىنىپ قالغان دەرەخ تۈرلىرى 41 خىلغا يېتىدۇ. بۇنىڭ
ئىچىدە كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمىدۈن كەم ئۇچرايدىغان
دەرەخ تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى
مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم: دۆلىتىمىزنىڭ بىر
داڭلىق ئۆسۈملۈكشۇناسى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش بىلەن مەش-
غۇل بولۇپتۇ. ئەمما مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىنى قىدىرغان بولسىمۇ، كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمە-
دۈننى تاپالماپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىپتۇ.
مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ئاقسۇغا بارغان
ۋە كىشلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قىرمىش ئاتام ما-
زىرىدىن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قىدىرىپمۇ
تاپالمىغان كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمىدۈننى بۇ يەردىن
تاپقان ۋە ئۇرۇقى ئۈزۈلدى، دەپ ئېلان قىلغان بۇ دە-





رەخ تۇرىنىڭ تېخى شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى قىرمىش ئاتام مازىرىدا بۈك - باراقسان سايە تاشلاپ، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى دۇنياغا ئېلان قىلغان. بۇ قىرمىش ئاتام مازارلىقىنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك يېرى. 1999 - يىلى يۈنەن خەلقئارا يەرمەنكىسىدە قىرمىش ئاتامدىن ئاپارغان كىچىك يوپۇرماقلىق ياۋا ئەرمۇدۇن تۇنجى قېتىم خەلقئارا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى.

قىرمىش ئاتام مازىرىدىكى ئەڭ ئېگىز دەرەخ 96.23 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يەردە ئون نەچچە يەردە بۇلاق بار. قىرمىش ئاتام مازىرىدىكى ئۈچ تۈپ «مىرزا تېرەك»نىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ غول ئايلانمىسى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ.

مۇئەللىپ ماقالىسىدە مازارنىڭ ئىچىگە هاراق، تاماكا سېتىش بوتكىلىرى قۇرۇلغانلىقىنى، مېهمانخانا سېلىنغانلىقىنى، ئوقيا ئېتىش، قارىغا ئېتىش مەيدانى، بېلىق تۇتۇش كۆلچىكى، ئات، تۆگە مىنىپ مەنزىرە ساياهەت قىلىش تۈرلىرى تەسىس قىلىنغانلىقىنى يازغانىدى. يەنى بۇ مازارلىقنىڭ سېپى ئۆزىدىن بازارغا ئايلانغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ كارا OK ئېيتىپ، هاراق ئىچىپ مازارلىقنى مازارلىققا ئوخشىمايدىغان هالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى شىكايەت قىلغانىدى. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن 2002 - يىلى 10 - ئايدا مەن ئاقسۇغا باردىم. شۇ سەپەردە قىرمىش ئاتام مازىرىغا بېرىپ زىيارەت قىلىش نېسىپ بولدى. قىرمىش ئاتام مازىرى جايلاشقان ئورمانغا قاراپ تەبىئەتنىڭ بۇ ئاجايىپ مۆجىزىسىدىن ئەقلىم لال بولدى. ئەمما كۆڭلۈم بەزى ئىشلارغا قاراپ تولىمۇ غەش بولدى. «ئىنساپ قىلىڭلار: قىرمىش ئاتام» ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان مازارنىڭ شەيخىنى ئەخلەت - چاۋار تېرىپ يۈرگەن يېرىدە ئۇچراتتىم. ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقاندا مەن شەيخنىڭ كۆزلىرىدىن چوڭقۇر هەسرەتنى كۆردۈم. ئەسلى شەيختىن ئۇنى - بۇنى سوراپ، بەزى ئىشلارنى بىلىش نىيىتىم بار ئىدى، نىيىتىمدىن ياندىم. ئۈندىمەي شەيخكە قاراپ تۇردۇم. شەيخمۇ جىمغىنا يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى ... ئۆمەرجان هەسەن يازغاندەك مازار بازار



2003.4



بولغانىدى. ئۇ يەر، بۇ يەردىن ئالـــتاغــل ناخشا ئاۋازى كېلەتتى. يەنە قەيەرلەردىن دىسكو مۇزىكىلىرى ئاڭلىناتتى. نەلەردىندۇر قەي قىلىۋاتقان ئاۋازلار كېلەتتى. سەيياھلار خالىغانچە شاخلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سۈرەتكە چۈشمەكتە ئىدى. جۈپ ـجۈپ قىز ـ يىگىتلەر يېتىلىشىپ، بەزىلىرى قوغلىـــشىپ يۈرمەكتە ئىدى. ئارىدا 15 ـ16 ياشلاردىكى بىر قىز يېنىمىزغا كەلدى، ئۇ ئەدەب بىلەن «ساياھەت يېتەكچىسى كېرەكمىكىن؟» دەپ سورىدى. مەن: «قىزچاق، بۇ دەرەخلەرنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلەمسىز؟» دەپ سورىدىم. قىز ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنى كۆرسىتىپ «ـئاۋۇ دەرەخنى ‹كۆلدىن چىققان پاقا› دەيمىز ...» دەپ تونۇشتۇرغىلى تۇرۇۋىدى «بولدى، سىزنى ئاۋارە قىلمايلى» دېگىنىمىزچە كېتىپ قالدۇق.

مىللىي مەدەنىيەت ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق بولغان چوڭ مازاردىن 40 نەچچىسى بار. قىرمىش ئاتام مازىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن.

1986 ـيىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئونسۇ ناھىيىسى مالىيەدىن 40 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ قىرمىش ئاتام مازىرىدىكى مەسچىدنى ئوڭشىغان. خەلق ئاممىسى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن يۈز مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ ياساش ئىشلىرىنى قوللىغان، شۇنىڭ بىلەن قورۇق تاملار قوپۇرۇلۇپ، تۆمۈر رىشاتكىلار ياسالغان ۋە قىرمىش ئاتام مازىرى رەسمىي رەۋىشتە ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن.

مازار مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. خەلقىمىز تارىختىن بۇيان ھەققانىيەت يولىدا قۇربان بولغان باھادىرلارنى، ئۇلۇغ دانىشمەن، ئەل سۆيەر ئالىم ـ ئۆلىمالارنى ئۇلۇغلاپ ئۇلار دەپنە قىلىنغان جاينى مازار بىلىپ ھۆرمەت قىلىپ كەلگەن. بۇ بىر ئېسىل ئادەت. ئەگەر مۇشۇنداق ئېسىل ئادەتلەر بولمىغىنىدا نۇرغۇن داڭلىق مازارلار ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن بولاتتى.

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى دىلشات غۇجا ئەھمەدنىڭ «شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى قانداق داڭلىق ماركا يارىتىش كېرەك» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق بىر مەزمۇن بار: ئۇ ‹شىنجاڭ ساياھەتچىلىك گۇرۇھىنىڭ لىدىرى ۋاڭ ۋېيپىڭنى دېمەكچى› بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: بۇلتۇر بىز چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى بىر قىسىم ساياھەت رايونلىرىغا ئاپاردۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ كىشى مۇھىت ئاسرىغۇچى ئىكەن. بۇ ئۈچەيلەن مەلۇم بىر ساياھەت رايونىغا بېرىپلا ئەتراپىدىكى مۇھىتنى كۆرۈپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا قايتتى. ‹نېمىشقا قايتىسىلەر؟! ــدەپ سورىساق، ئۇلار:ــ بىزنىڭ بۇنداق چىرايلىق مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنىنى كۆرگىمىز يوق،ــ دېدى. شىنجاڭغا 12 قېتىم كەلگەن ئەنگلىيىلىك بىر ئايال ساياھەتچى تېلېكامېراسىنى ئېلىپ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇب، شىمالىنى پۈتۈنلەي ئايلىنىپ چىقىپ، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ماڭا خەت يېزىپتۇ. ئۇ خېتىدەــ نېمە ئۈچۈن تېلېكامېراغا ئېلىنغان شىنجاڭنىڭ بارلىق گۈزەل كۆرۈنۈشىدە كۆن نۇرىدا پارقىرىغان قۇرۇق بوتۇلكىلارنى كۆرىمەن؟ــ دەپـــتۇ. بـــۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ئويغانسىزلاندۇرىدىغان، ئويغا سالىدىغان سوئال.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا قىرمىش ئاتام مازىرىدىن ئىبارەت بۇ ئەۋزەل ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يەرلىك خەلقلەر قەلبىدىكى بىر مۇقەددەس جاي ئىكەنلىكىگە ۋە مەدەنـــــيەت ـ تـــارىخ، ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق نازۇك تەرەپلىرىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، پۇختا، ئىلمىي پىلان تۈزگەن بولسا ئىدى، بەكمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولغان بولاتتى. ساياھەتچىلىكنى نوقۇل ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ئۈچۈنلا يولغا قويماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىگىمۇ، تەسىرىگىمۇ تەڭ ئېتىبار بېرىلگەن بولسا، بۇ خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك خوپ ئىش بولار ئىدى. قىرمىش ئاتام مازىرىدەك بىر گۈزەل سەيلىگاھنى

نابۇت قىلىۋېتىش، ئۇنى ياخشى قوغدىماسلىق بىز ئۈچۈن بىر ئۇياتلىق ئىش، قوغداپ قېلىش بولسا ۋىجدانىي بۇرچىمىز. ساياھەت تۈرى بىر خىل شەكىلسىز بايلىق. ئۇ شۇ ناھىيە، شۇ جاينىڭ مالىيىسىگە بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشالايدۇ. ھەرقانداق تۈردىكى ساياھەتچىلىكنى شۇ جايدىكى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مەدەنىيەتنى نابۇت قىلىش بەدىلىگە تەرەققىي قىلدۇرماسلىق كېرەك. ئەگەر شۇنداق قىلىنسا، بۇ ئېغىر ئىجتىمائىي ئاقىۋەتكە سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۆز نۆۋىتىدە بۇنى بىر خىل قىلمىش، جىنايەت دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

قىرمىش ئاتام مازىرىنى ساياھەت نۇقتىسى قىلىپ ئاچقان ئىكەنمىز، ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى، يۈزلىنىشى ھەققىدە ھەممىمىزنىڭ تەڭ باش قاتۇرۇش مەجبۇرىيىتىمىز بار. بىزنىڭچە مازارلىقتا ئەيش ـ ئىشرەت قىلىشنى بىرىنچى قەدەمدە توختىتىش كېرەك. ئۇ يەردىكى رېستوران، ئاشپۇزۇللاردا ئاقسۇنىڭ ئۆزگىچە ئۇيغۇرچە غىزالىرىمۇ بازار تېپىۋېرىدۇ. ئەگەر ھاراق، تاماكا ساتىدىغان بوتكىلاردا ئاقسۇنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، سېتىلغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولماسمىدى. مەخسۇس خاتىرە بۇيۇملارنى ساتىدىغان ئورۇنلارنى تەسىس قىلغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەشتىلىرى، توقۇلمىلىرى، كىچىك تېپتىكى گىلەم، تەگلىمات، گەزمال، دوپپا، ئۆتۈك، ئاياغ، پىچاق، چالغۇ ئەسۋابلار، ھۆل ـ قۇرۇق مېۋىلەر سېتىلغان بولسا، مۇلازىملار ئۇيغۇرچە مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى كىيىپ مۇلازىملىق قىلسا، قوش تىللىق ھەتتا ئۈچ تىللىق (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە) تونۇشتۇرغۇچى مۇلازىملار تەربىيىلەنسە، ئەۋلادمۇئەۋلاد قىرمىش ئاتام مازىرىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى ئاسراپ مەينەتتىن قورۇپ، قىرمىش ئاتام مازىرىنى بۈگۈنگىچە بىزگە يەتكۈزگەن شەيخمۇ ئۆز ئىشىنى قىلىۋەرسە، تاۋاپچىلارمۇ بىر ساياھەت تۈرى قىلىنسا يەنى تاۋاپچىلارنى سەييابلار تاماشا قىلسا، قىرمىش ئاتام مازىرىدىكى بۇلاق سۇلىرىدىن مەلۇم مىقداردا مىنېرال سۇ ئىشلىنىپ قىرمىش ئاتام مازىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ماركا ئىشلىتىلسە (بۇ مىنېرال سۇنى بازارغا سالىدىغان تاۋار سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى خاتىرە بۇيۇم سۈيى سۈپىتىدە ئىشلىسە) ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرىغا قىرمىش ئاتام مازىرىنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بولسا، كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمىدۇنىمۇ ئايرىم بىر تۈر قىلىپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى (ئەتىۋارلىقى) شەرھلەنگەن خاتىرە بۇيۇملىرى ئىشلەنسە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى جابدۇقلىرى (تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقىرى قاتلاملار بويىچە) بىلەن بېزەلگەن مەخسۇس ئۆيلەر ياسىلىپ زىيارەت ئوبيېكتى قىلىنسا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرىقى كىيىم ـ كېچەكلىرى تونۇشتۇرۇلغان زىيارەتخانا قۇرۇلسا ھەمدە بۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ خاتىرە بۇيۇمى شەكلىدە توقۇلغان، تىكىلگەن (قونچاق شەكلىدىكى)، ماركا چاپلىنىپ سېتىلسا (بۇ يەنە ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئاز ـ تولا كىرىم قىلىشىغىمۇ پايدىسى بولاتتى. ئۆز نۆۋىتىدە قىرمىش ئاتامغا ساياھەتكە كەلگەنلەرنىڭ ئاقسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى چۈشىنىۋېلىشىغا، سەييابلارنىڭ بىر تۈرلۈك يەرلىك مەدەنىيەتنى ئىگىلىشىگە ياردىمى بولاتتى. بۇ بىر تەرەپتىن يەرلىك مالىيىنى يۆلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن مىللەتلەر ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىسى تېگەر ئىدى. يۇقىرىقى بىز دەپ ئۆتكەن «قىرمىش ئاتام» ھادىسىسى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ يوق ئەمەس. ھازىر شىنجاڭدا ساياھەت تۈرلىرىنى ئېچىش بىر دولقۇنغا ئايلانغان مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە ساياھەتچىلىك ئورۇنلىرىنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە ئېتىبار بىلەن قاراپ ساياھەت نۇقتىلىرىنى ئاچقاندا، نازۇك نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشنى، يەرلىكتىكىلەرمۇ، ساياھەتچىلەرمۇ تەڭ مەنپەئەتلىنەلەيدىغان ئىجابىي ساياھەت تۈرىنى يولغا قويۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون. ھەرقانداق ئىشنى يولغا قويۇشتا، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ساياھەتچىلىكمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئىچىدە. مەيلى تاغ ـ دەريا ساياھەتچىلىكى بولسۇن، ياكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر ساياھەتچىلىكى بولسۇن ئۇنىڭغا مىللىي تۈس بېرىلمىسە، ئۇ ئەلۋەتتە ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. مىللىي خاسلىق بولمىغانىكەن، ئۇنىڭدا ئالاھىدىلىكمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ساياھەتچىلىكنىڭ ئۇزاق مۇددەت روناق تېپىشىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئاساس قىلغان، ئۆرپ ـ ئادەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن ساياھەت تۈرلىرىنى ئېچىش شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى.

بۈگۈنكى پايدىنىلا كۆزلەپ كەلگۈسىگە سەل قاراش شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زىيانلىق، بۇنداق قىلساق «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا» دېگەن خاتاغا يول قويغان بولىمىز.

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

زۇنۇن قادىرى



# پىرىزىخان موماي



خۇدىيار يۈز يېزىسىنىڭ قۇملۇق مەھەللىسىدە بىر پارچە يېرىمىز بار ئىدى. بىز تېخى كىچىك بولغاچقا تېرىقچىلىق قىلالمايتتۇق. شۇڭا بۇ يەردە تاغىمىزلا تېرىقچىلىق قىلاتتى. مەن خامان ئېلىش ۋاقىتلىرىدا تۇلۇق ھەيدەپ بېرەتتىم. شۇ چاغلاردا، كەچ كۈزنىڭ بىر كۈنى، ئېتىز قىرىدىكى بىر تۈپ ئاچچىق ئالما دەرىخىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، كۆڭلىكىمنىڭ پېشىنى ئىشتىنىمنىڭ ئىچىگە تىقتىم ـ دە، تۇك ئالمىنى ئۈزۈپ، كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىدىن قوينۇمغا سېلىۋەردىم. بىردەمدىلا ئالما بىلەن قوينۇم پومپايدى، يەنە كۆپرەك ئالماقچى ئىدىم لېكىن يامغۇر يېغىپ قېلىپ ئۈستۈبېشىم ھۆل بولۇپ كەتكىنى ئۈچۈن، ئالما دەرىخىنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشتۈم.

ئاچ قورساققا ئاچچىق، تۇك ئالمىنى يەۋەرگەنلىكىم ھەم يامغۇردا قالغىنىم ئۈچۈن بېقىنىمغا سانجىق تۇرۇپ قالدى. يۆتەلسەم جېنىم چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ئاغرىيتتى. لاپاس ئاستىدىكى بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ زارلاۋاتقىنىمنى قوشنا قورۇدىكى پىرىزىخان موماي ئاڭلاپ يېنىمغا كەلدى. ئەھۋالىمنى بىلگەندىن كېيىن، مېھرىبان موماي مېنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ داۋالىدى:

ئۇ بىر سىقىم تەرتەزنى ئىلمان سۇغا چىلاپ، بىر پارچە ماتا لۆڭگىگە سۇۋاپ، بېقىنىمغا چاپلاپ تاڭدى ۋە جۇۋىغا ئوراپ ياتقۇزۇپ قويدى. لۆڭگە بارغانسېرى چاپلىشىپ بېقىنىمنىڭ تېرىسىنى قورۇۋالدى. شۇ ھالدا ئۇخلاپ قاپتىمەن، كەچقۇرۇن ئويغانسام سانجىق قويۇپ بېرىپ ياخشى بولۇپ قاپتىمەن.

گېلىم ئاغرىدى، دەپ كەلگەن چاغلىرىمدىمۇ پىرى-



*ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى—*
*مەرھۇم يازغۇچى زۇنۇن قادىرى*

زىخان موماي:

—تامىقىڭ چۈشۈپ قاپتۇ، بالام،—دەيتتى - دە، ئىككى بارمىقىنى قازاننىڭ كۆيىسىگە سۇۋاپ تامىقىمنى كۆتۈرۈپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن گېلىم ساقىيىپ قالاتتى. بەزىدە قىزىپ ئىسسىتما بولۇپ قالغىنىمدا سۆگەت چىۋىقلىرىنى سۇغا چىلاپ دۈمبەمگە ساۋاپ ساقايتىپ قوياتتى. بەزىدە بولسا، تۇز ۋە نان ئۇۋاقلىرى بىلەن ئاشلاپ قوياتتى ۋە: «ئەسكى تۆگمەنلىككە بار، ئىككى خوتۇنلۇققا بار، چىق، چىق!» دەپ ئەسنەيتتى.

يېزىغا چىقساملا بۇ شەپقەتلىك موماي يېتىملىكىمگە ئىچ ئاغرىتىپ، ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى، كىيىملىرىمنى يۇيۇپ ياماپ بېرەتتى. ماڭا تومۇ تېگىپ قالغان چاغلاردا قارا ئۆرۈك، مۇچ سېلىنغان ئاچچىق - چۈچۈك شوۋىگۇرۇچ ئېتىپ بېرىپ:

—تۇمىقىڭنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، قىزىق - قىزىق ئىچىپ تەرلىسەڭ ساقىيىسەن،—دەيتتى. مەن شۇنداق قىلىپ، ساقىيىپ قالاتتىم.

خېلى چوڭ بولۇپ قالغان چاغلىرىم ئىدى، بىر كۈنى يېزىغا چىقىپ پەرىزىخان مومايىنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ كىرگىنىمدە، ئۇ بېشى ئاغرىپ ياتقانىكەن، مېنى كۆرۈپ دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەھۋالىمنى سورىدى:

—چىرايىڭ سارغىيىپ قاپتۇغۇ، نېمە بولدۇڭ، بالام؟

—ئىككى - ئۈچ ئايدىن بېرى مەيدەم ئاغرىپ يۈرىدۇ.

—ھە، ئۇنداق بولسا بۇنىڭ دورىسى بار،—موماي كونىراپ كەتكەن ساندۇقنى ئېچىپ، كىچىك بىر خالتىدىن ھېلىقى سانجىق دورىسىنى - تەرتەزنى چىقاردى، ئۇنىڭ بىلەن ناۋاتنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، كىچىككىنە خالتىغا سالدى،—بۇنى بىر چېكىم ناسۋالدەك يەپ بەرسەڭ مەيدە ئاغرىقىڭ ساقىيىدۇ،—دېدى ئۇ خالتىنى ماڭا بېرىۋېتىپ، شۇ دورىنى يەپ يۈرۈپ ئاشقازىنىممۇ ساقىيىپ كەتتى.

پەرىزىخان مومايىنىڭ بېشى ئاغرىپ قالغان چاغلاردا ئەتكەن چاي ئېتىپ ئىچسە ۋە چىنىنىڭ تېگىدە قالغان چاينىڭ شامىسىنى چاينىسا ساقىيىپ قالاتتى. ئۇ ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئەتكەن چايغا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. ئۆيدە چاي تۈگەپ قالغان چاغلاردا بولسا خۇمارى تۇتۇپ ئاغرىپ قالاتتى. بۇنداق ئەھۋالنى سەزگىنىمدە شەھەردىن چاي ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتىم.

باھار ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى پەرىزىخان مومايىنىڭ كاۋا چېچىكىنى ئۈزۈپ، باشقا پىلەكتىكى چېچەككە دۈم كۆمتۈرۈپ، بوغقۇچ بىلەن تېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ سورىدىم:

—موما، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟

—مۇشۇنداق قىلىپ قويسا كاۋا ئوخشايدۇ،—دېدى موماي. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتىم. گىمنازىيىدە بوتانىكا ئوقۇغىنىمدىن كېيىن، بۇنىڭ ئاتىلىق چېچەكنى ئانىلىق چېچەك بىلەن چاڭلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلدىم، موماي يەنە كاۋىلارنىڭ يوپۇرماقلىرى چوڭىيىپ ھەم كۆپىيىپ كېتىپ پىلەك غوللىرىنى كۆمۈۋەتسە، ئۇزۇن چىۋىق بىلەن يوپۇرماقلارنى يۇڭ ساۋىغاندەك ساۋايتتى. ئاساسىي غول پىلەك ھەددىدىن ئارتۇق ئۆچ تارتىپ كەتسە، چىمداپ ئۈزۈۋېتەتتى، مەن ئۇنىڭ پەمىدۇرنىمۇ شۇنداق قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدىم. «نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز» دېگەن سوئالىمغا «مېۋىسى كۆپ بولىدۇ» دەپلا قوياتتى. ئەمما ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتمايتتى. بۇنىڭدا نېمە سەۋەب بارلىقى ئۇ ۋاقىتلاردا ماڭا سىر ئىدى. ئەمما ھوسۇلنىڭ مول بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. مومايىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئاددىي، ئىشلەتكەن دورىلىرى ئەرزان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بەرگەن ئۈنۈمىگە تا ھازىرغىچە ھەيرانمەن.

مەسىلەن: قوچاقتىكى بالىنىڭ كۆزى ياكى قۇلىقى ئاغرىپ قالسا ئانىسىغا: «بالاڭنىڭ كۆزىگە سۈتۈڭدىن سىغىپ قوي» دەيتتى موماي، شۇنداق قىلسا، راست دېگەندەك بالىنىڭ كۆز، قۇلاقلىرى ساقىيىپ قالاتتى، ھەتتا بوۋاقنىڭ يۈزى يېرىلىپ، يىرىڭلىشىپ قالسىمۇ «يۈزىگە سۈتۈڭنى تېمىتىپ سۈۋا» دەيتتى. ئانىسى شۇنداق قىلغاندىن كېيىن، بوۋاقنىڭ يۈزى سىلىقلىشىپ پارقىرايتتى.

ئەگەر كىچىك بالىلار يىقىلىپ كېتىپ قالسا ياكى بېشى بىر يەرگە تېگىپ كەتسە لاتىغا تۇخۇم سېرىقىنى سۈركەپ، بېشىغا ئوراپ تېڭىپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولۇپ قالاتتى. بۇ خىل داۋالاشنى موماي «تەڭلەپ قويۇش» دەيتتى، ئەگەر بوۋاقنىڭ ئىچى قاتتىق سۈرۈپ كەتسە، قوي يېغى بىلەن بۇلماق ئېتىپ بېرىش ئارقىلىق ساقايتاتتى.

مومايىنىڭ مېنىڭ پۇتۇمنى ئىككى قېتىم ھېچبىر چىقىمسىزلا داۋالاپ قويغىنى ئېسىمدە:

يالىڭاياغ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە ئوڭ پۇتۇمنىڭ ئوتتۇرا بارمىقى تاشقا تېگىپ،پەشۋا يەپ زەخىملىنىپ قالدى. موماي يەر توزغىقى (ئەسكى تام ئەتراپلىرىدا، كۆكتات ئارىسىدا بولىدىغان، ئىچىدە قارا توزغىقى بار ئۆرۈقچىدەك بىر نەرسە) سېلىپ ساقايتىپ قويدى. بۇ بىرىنچى قېتىملىقى ئىدى. ئىككىنچى قېتىمدا پۇتۇم مىتىكوت بولۇپ، ئۇشۇقۇم ئىششىپ كەتتى. موماي بۇنى كۆرۈپ: «گۆشى چۆچۈپتۇ» دەپ، تۆگە يۇڭىنى شاكارايقا چىلاپ شوپۇق ئېتىپ تاڭدى، كېيىن ئىككى تۇخۇم سېرىقىنى سۇۋاپ تېڭىپ قويۇپ ساقايتتى... تاغام دېھقانچىلىقتىن ئاز ـ تولا كىرىم قىلغىنىدىن كېيىن، كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ماڭا يېڭى كىيىم ـ كېچەك تىككۈزۈپ بەردى. بولۇپمۇ مەسكاپتىن تىكىلگەن ئۆتۈكۈمگە ھەۋەسىم كېلىپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم.

يېزىغا چىققاندا، ئۆتۈكۈمنىڭ توپىلىرىنى سۈرتۈپ، قاراگۈل سۇۋاپ پارقىراتقاندىن كېيىن، پىرىزخان مومايغا كۆرسەتكىلى كىرگەنىدىم، موماي كۆرۈپ:

ـــپاھ، پاھ، جېنىم بالام، يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ بىر چىرايلىق ئەزىمەت بولۇپ قاپسەنغۇ، بولۇپمۇ ئۆتۈكۈڭ بەك يارىشىپتۇ، ئەمدى پۇتۇڭمۇ پەشۋا يېمىگۇدەك.ـــ دېدى ۋە يېڭى بۆكۈمنى قولىغا ئېلىپ گۈللىرىنى كۆرـ دى ـ دە، بېشىمنى سىلاپ بۆكنى يەنە كىيگۈزۈپ قويدى.

ـــمەن شەيتان تېرىسى دېگەن رەختتىن تىكىلگەن پەشمىتىمنىڭ يانچۇقىدىن قولياغلىقىمنى ئېلىپ:

ـــمانا قارا، موما، تېخى بۇرنۇمنى ئېرتىدىغان قولياغلىقىممۇ بار ـــ دەپ ماختاندىم.

ـــتاغاڭ بۇنى ئېلىپ بېرىپ ياخشى قىپتۇ، ئۆتۈكۈڭنى پارقىرىتىپلا يۈرمەي، يۈز ـكۆزۈڭنىمۇ پات ـ پات سۈرتۈپ، پارقىرىتىپ تۇرساڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپئاق قىزلارمۇ ساڭا قاراپ قالىدۇ.

ئۇبدان ياسىنىپ دەل ۋاقتىدا چىقىپسەن. بۈگۈن ھارپا، ئەتە ھېيت، مەن جىقلا ساڭزا سالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىم چىمەنگۈل ئايەملەپ بىر دەستە ساڭزا ئېلىپ كەپتۇ، نەۋرىمىز مودەنگۈلمۇ كەلدى، نورۇز ئاغىنەڭمۇ ساغلىقنى قوزىلىرى بىلەن ھېلى ھەيدەپ كېلىدۇ، سەنمۇ شۇلار بىلەن ئاياملەپ مېھمان بولۇپ، بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قال. يۈر، ئۆيگە كىر،ـــ دېدى ـ دە، قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆيگە باشلاپ ئەكىردى. چىمەنگۈل ھەدەم قازاندىكى ياغقا قىيىقچا سېلىۋاتقانىكەن.

ـــۋاي ـ ۋۇي، ئوغلىمىز يىگىت بولۇپ قاپتىغۇ،ـــ دەپ ئەركىلىتىپ قارشى ئالدى ئۇ. مودەن قىزمۇ قىزىل تاۋار كۆڭلەك كىيىپ ھەققىي مودەنگۈلدەك چىرايلىق ئېچىلىپ كېتىپتۇ. دېگەندەك، نورۇز ئاغىنەممۇ قوي ـ قوزىلىرىنى ھەيدەپ كەلدى. بۈگۈن كەچتە پىرىزخان مومايىنىڭ ئۆيى خۇشاللىققا چۆمدى، موماي، ياغ پۇرىتىپ ژىت ۋە تۇخۇم پوشكىلى سالدى، قايماقلىق چاي ئېتىپ بىزنى مېھمان قىلىشقا باشلىدى. مېنىڭ ئالدىمدىكى ئاپقۇر چىنىگە ئۇنىمىغىنىمغا قويماي دۆۋىلەپ ساڭزا سېلىۋەتتى، يەپ ـ ئىچىپ چىنىنى يېرىملىتىپ تۇرۇشۇمغا «كىچىككىنە قايمىقىدىن» دەپ چىنەمنى يەنە جىقلاپ قوياتتى ھەم پوشكال يېيىشكە زورلايتتى.

موماي مېھمان قىلىمەن، دەپ مېنى خېلى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. چاينى تۈگىتىپ ئىچىشنىڭ قىيىنلىقى ھەم مودەنگۈلدىن ئىزا تارتىش تۇيغۇسى بىلەن تەرلەپ قىزىپ كەتتىم. مومايىنىڭ قىزىق پاراڭلىرىدىن كېيىن، قورۇنۇشلىرىم بارغانسېرى يوقىلىپ يايراپ قالدىم.

ـــساڭزىنى يەڭلار، دېسەم ھېچ ئۇنىمايسىلەر، ئەگەر جوزىغا ساڭزا مۇشۇنداق دۆۋىلەپ قويۇلغانلىقىنى ھاپىزكام كۆرگەن بولسا ئۈستىگە دۇم چۈشەتتى.

ـــھاپىزكام دېگەن كىم ئاپا؟ـــسورىدى چىمەنخان.

موماي تۇرلۇك رىۋايەت، ئەپسانىلەرگە ۋە لەتىپە، چۆچەكلەرگە باي ئىدى. ئۇ چىمەنخان ھەدەمنىڭ سوئالىغا يارىشا مۇنداق بىر خەلق لەتىپىسىنى ئېيتىپ بەردى:

ـــبۇرۇن بۇ مەھەللىدە ھاپىزكام دېگەن بىر پاڭقاي ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بويىغا يەتكەن قىزىمۇ پاك ئىدى. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، شۇ مەھەللىگە

سۇ نۆۋىتى كېلىپ دېھقانلار سۇ تۇتۇش ئۈچۈن ئات چېپىشىپ يۈرسە هاپىزكام بىرىدىن:

ــ هاي، هاي، نېمە ئات چېپىپ يۈرىسلەر؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ تېخىچە بىلمىدىڭمۇ، سۇ كېلىدۇ، توغـان سـالـمىز ــ دەپتۇ هېلىقى دېهقان.

ــ هە، هە، ئەجەب بوپتۇ. ــ دەپ ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ هاپىز ــ هەي خوتۇن، هېيت كەپتۇ هېيت، ساڭزا سالمايمىزمۇ ــ دېگەنىكەن، خوتۇنى خۇشال بولۇپ:

ــ ۋىيەي، نېمە ئېلىپ بەرسەڭلار بېرىڭلار، ــ دەپتۇ ۋە خۇشاللىقىنى قىزىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈپـتـۇ. ئانىسى:

ــ هەي قىزىم، ئۇقتۇڭمۇ، داداڭ خېلى ئىنساپقا كېلىپ قاپتۇ، «قانداق رەختتىن كۆڭلەك كىيىسلەر، تاۋاردىنمۇ ـ دۇردۇندىنمۇ» دەيدۇ، قارا ــ دېگەنىكەن.

ــ ۋىيەي، كىمگە بەرسەڭلار مەيلى ــ دەپتۇ قىزى.

بۇ لەتىپىنى ئاڭلاپ هەممىمىز ھارغىچە كۈلدۇق.

ــ هەر كاللىدا بىر خىيال دېگەن مانا شۇ، ــ دېدى موماي. مودەنگۈلنىڭ يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى. بۇ قىزىللىق كۈلكىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولدىمۇ ياكى ئۇنىڭ خىيالىغا پاك قىزنىڭ گېپى تەسىر قىلغانلىقتىن پەيدا بولدىمۇ چۈشىنەلمىدىم، لېكىن ئۇ ماڭا پات ـ پات كۆز قىرىنى تاشلاپ يەرگە قارىۋالاتتى. مودەنگۈل بىلەن ئىككىمىزنىڭ تارتىنىپ ئولتۇرغىنىمىزنى پەملىگەن مـومـاي قىزىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بىزنى تېخىمۇ ئېچىلىپ ئولتۇرۇش شارائىتىگە ئىگە قىلماقچى بولدى.

ــ قاراڭلار، هېيتنىڭ ساڭزىسىنى يېيىشنى ناهايـىـتى ياخشى كۆرىدىغان هاپىزكامنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگـمـۇ خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. ئەمما هېيت يەنىلا ئايلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆمرى شۇنداق قىسقا بولـىـدۇ، لېكىن خىزىر پەيغەمبەرلا ئۆلمەيدۇ ــ دېدى موماي. ئاندىن ئۇ يەنە مۇنداق بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بەردى:

«خىزىر پەيغەمبىرىم بىر زامانلاردا كۆز يەتكۈسـىـز كەڭرى بىر ئورماندا كىشىلەرنىڭ ئوتۇن كېسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، يەنە بىر دەۋرلەردىن كېيىن بۇ جايغا كېلىپ قارىسا هېلىقى ئورمانزارلىق يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا بىر دەريا پەيدا بولۇپ قاپتۇ، دەريانىڭ قىرغىقىدا بىر ئادەم بېلىق تۇتۇپ ئولتۇرغۇدەك، خىرىز پەيغەمبەر بېلىقچىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ بۇ يەردىكى ئورمان نەگە كەتتى؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بۇ يەردە ئەسلا ئورمان بولغان ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ دەريادىن بېلىق تۇتۇپ كېلىۋاتىمىز ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بېلىقچى.

خىزىر ئۆتۈپ كېتىپتۇ، جاهاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر دەۋر ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بۇ دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىغىدەك بولسا، دەريانىڭ ئورنىدا كاتتا بىر سـازلـىق تۇرغۇدەك، سازلىقتا بىر كىشى پادا بېقىۋاتقۇدەك. خىزىر پادىچىدىن:

ــ بۇ يەردىكى دەريا قېنى؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ــ بۇ يەردە دەريا نېمىش قىلسۇن، بۇ جاي ئەزەلدىن تارتىپ سازلىققۇ، ـ دەپتۇ پادىچى.

خىزىر يەنە بىر قانچە زامانلاردىن كېيىن بۇ جايدىن ئۆتۈپتۇ. قارىسا سازلىقنىڭ ئورنىدا كاتتا بىر شەهەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ. خىزىر رەستىدىكى بىر دۇكانداردىن:

ــ بۇ يەردىكى سازلىق قېنى؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بۇ جايدا هېچقاچان سازلىق بولغان ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ شەهەردە ياشاپ كېلىۋاتىمىز ــ دەپتۇ دۇكاندار. خىزىر بىر قانچە زامانلاردىن كېيىن بۇ يەرگە كەلسە شەهەرنىڭ ئورنىدا قۇملۇق سەهرا پەيدا بولۇپ قاپتۇ، قۇم بارخانلىرى يېنىغا تۆگىلىرىنى چۆكتۈرۈپ قويغان كارۋانلاردىن:

ــ بۇ جايدىكى شەهەر قېنى؟ــ دەپ سوراپتۇ خىزىر.

ــ بۇ قۇملۇقتا قانداقمۇ شەهەر بولىدۇ. ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ بۇ جاي چۆل ـ جەزىرە ئىدى. بۇ يەردە يانتاقتىن باشقا نەرسە بولمىغان، ــ دەپتۇ كارۋانلار.

خىزىر هەيران بولۇپ ئۆز يولىغا چۈشۈپتۇ».

مانا قاراڭلار، ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. بىرەر جاينىڭ سەرگۈزەشتىسى كىشى ئۆمرىگە قارىغاندا ناهايىتى ئۇزۇن گەپ، بۇنى پەقەت ئۆلمەس خىزىرلا بىلىدۇ. ئەمما ئادەملەرنىڭمۇ قىسقا ئۆمرىدە ئۆزىگە لايىق سەرگۈزەشتىلىرى بولىدۇ.

ــ موما، ئەمىسە ئادەملەرنىڭ سەرگۈزەشتـلـىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسىڭىز، ــ دەپ سورىدىم. موماي تۆۋەندىكى ۋەقەلەرنى سۆزلىدى:

«بۇرۇن بۇهەم ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. بىر ئەتىيازلىقى قار كېتىپ ئېتىزلار تاۋلاشقاندا بۇهـەم بـىـر پارچە يېرىنى تېرىماقچى بوپتۇ، ئۇ ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشلىق بالىسىغا ساپاننىڭ سېپىنى تۇتقۇزۇپ، ئۆزى بويۇنتۇرۇقنى گەجگىسىگە سېلىپ يەر هەيدەپتۇ. هېرىپ ـ تەرلەپ تىلى ساڭگىلاپ كېتىپتۇ. بۇهەمنىڭ بۇنداق قىيىن ئەهۋالىنى كۆرگەن بىر ئۆتكۈنچى سودىگەر:

ــ هاي ـ هاي، بۇرادەر، كالا ئورنىدا ئۆزىڭـىـزنى

قوشقا قېتىپ بەك قىيىن ئەھۋالدا قاپسىزغۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ.

بۇھەم بېشىنى كۆتۈرۈپ سودىگەرگە:

ــ ھەم ئېيىن گۈزىرەت، ــ دەپ جاۋاب بېرىپ قوش تارتىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ، سودىگەرمۇ ئۆز يولىغا چۈشۈپتۇ.

بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئۆتكۈنچى سودىگەر بىر شەھەردىكى ئېسىل ماللار بىلەن لىق تولغان دۇكان ئالدىغا كېلىپ، دۇكاندارىدىن بىر كىيىملىك كىمخاپ سېتىۋاپتۇ، زەن قويۇپ قارىسا كىمخاپ ساتقۇچى دۇكاندار باي بىر زامانلاردا كالا ئورنىدا يەر ھەيدەۋاتقان ھېلىقى ئادەم ئىكەن.

ــ ھاي ـ ھاي، بۇرادەر، بىر چاغلاردا گەجگىڭىزگە بويۇنتۇرۇق سېلىپ، يەر ھەيدىگەن كىشى سىز ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ھە، توغرا، مەن شۇ ــ دەپتۇ ئۇ.

ــ قانداق قىلىپ مۇنچە باي بولۇپ قالدىڭىز؟

ــ ھەم ئېيىن گۈزىرەت، ــ دەپتۇ يەنە دۇكاندار. ئۆتكۈنچى بولسا ھەيران بولۇپ ئۆز يولىغا كېتىپتۇ.

خېلى زامانلاردىن كېيىن بۇ ئۆتكۈنچى سودىگەر يەنە بىر شەھەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ شەھەردە بىر تۆھمەتخورنىڭ تۆھمىتىگە ئۇچراپ شەھەر ھاكىمى ئالدىغا دەۋاغا بېرىپتۇ. ھاكىم دەۋانى ئادىللىق بىلەن سوراپ، ئۆتكۈنچى سودىگەرنى تۆھمەتچىدىن قۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۆتكۈنچى سودىگەر خۇشاللىقتا زەن قويۇپ قارىسا، بۇ ھېلىقى كىمخاپ ساتقان دۇكاندار ئىكەن. ئۇ:

ــ ھاي ـ ھاي، تەقسىر، بۇرۇن دۇكاندار ئىدىڭلە، ئەجەب ھاكىم بولۇپ قاپتىلىغۇ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ھەم ئېيىن گۈزىرەت، ــ دەپتۇ ھاكىم. ئۆتكۈنچى يەنە ئۆز يولىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ.

بىر زامانلاردىن كېيىن ھېلىقى ئۆتكۈنچى يەنە بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئاشخانىغا كىرسە يۈزى ئىسلىشىپ كەتكەن جۇلجۇل كىيىملىك بىر ئادەم ئوچاققا ئوت قالاپ، كاللا ـ پاقالچاق ئۆتلەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۆتكۈنچى ئۇنىڭغا زەن قويۇپ قارىسا، ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ دەۋاسىنى سورىغان ھاكىم شۇ.

ــ ھاي ـ ھاي، بۇرادەر، سىز ھېلىقى شەھەرنىڭ ھاكىمى ئىدىڭىز؟ ئەجەبا، ئەمدى كاللىپەزنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپسىزغۇ، ــ دەپ سوراپتۇ.

ئوت قالىغۇچى ھېچقانچە خىجالەت بولماستىنلا:

ــ ھەم ئېيىن گۈزىرەت، ــ دەپ مەغرۇر ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ.

ــ ھاي بۇرادەر، سىز ئاجايىپ ئادەم ئىكەنسىز، مەن سىزنى خىلمۇخىل ئەھۋالدا ئۇچراتتىم، قاچانلا سورىسام «ھەم ئېيىن گۈزىرەت» دەيسىز، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئۆتكۈنچى.

ــ «ھەم ئېيىن گۈزىرەت» دېگىنىم، بۇ ھەم ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگىنىم. بۇنى نېمىدەپ چۈشەنمەي سوراۋېرىسىز. ئەھۋالىمنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى سۆزۈمنىڭ مەنىسى ئەمەسمۇ، سىز ئېيتقاندەك، مەن ئاجايىپ ئادەم ئەمەس، بەلكى بۇ زامانىنىڭ ئۆزى ئاجايىپ. بىلەمسىز، مېنىڭ ئېيتىم بۇھەم، مەنىسى ـ بۇھەم ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ» دەپتۇ.

ــ بۇھەمنىڭ پۇتى ساق بولغىنى ئۈچۈن شەھەرلەرنى كېزىپ يۈرىدىكەن. بىزنىڭ مەھەللىدىكى توكۇر ھاپىزنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى تەس، پىيادە قانداقمۇ ئۆتۈپ كېتەر؟ ــ دېدى نورۇز.

ــ ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ ــ دەپ سورىدى موماي.

ــ بىچارە، ئازغىنە يېرىدىن ئالغان ھوسۇلى غەللە ـ پاراقنى تۆلىيەلمەي ياملىغا سولىنىشتىن قورقۇپ، ئېشىكىنى سېتىپ بېرىپتۇ، ئەمدى ئۇ مەھەللىدىن شەھەرگىمۇ كىرەلمەيدۇ ــ دېدى نورۇز.

ــ ھۆكۈم قاتتىق بولسا، لاتا قوزۇقمۇ يەرگە كىرىدۇ، دېگەن گەپ شۇ ـ دە، بالام! ــ دېدى موماي.

بۇ ماقال شۇ زاماندىكى بىچارە دېھقانلارنىڭ ئالۋاڭ ياساقنى تۆلىمەستىن باشقا چارىسى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرەتتى.

پىرىزىخان مومايىنىڭ شۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە ۋە چۆچەك ـ رىۋايەتلىرىگە ناھايىتى قىزىقاتتىم. بۇلار مېنىڭ ياش ۋاقتىمدىكى روھىي زېھنىمگە سىڭىنغان ئەدەبىياتقا قىزىقىشىمنىڭ ئۇندۇرمىلىرى بولۇپ قالغانىدى.

پىرىزىخان مومايىنىڭ يېتىملىكىمدە قاتقان بېشىمنى سىلىغان تىترەڭگۈ قوللىرىنى، گۆدەك ۋاقتىمدا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقىنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ياد ئېتىپ خاتىرىلەيمەن.

بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىسى، تەجرىبىلىك تەببە ۋە ئاگرونوم موماي ۋاپات بولغان چاغدا، مېنىڭ گۆدەك بېشىمغا ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلغان ۋاقتىمدىكى قايغۇلۇق مۇسىبەت چۈشكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ نەۋرىسى نورۇز بىلەن جىنازىسى ئالدىدا ھازىدار بولۇپ يىغلاپ ماڭغانىدىم.

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى



# ئۇيغۇرلاردا سەرگەزچىلىك

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشكىنىمدە مەتسەيدى توپاق ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇ ئەينى يىللاردا لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش بازىرىدىكى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئۇنسۇر»لارنىڭ «ئۈلگىسى»ئىدى. ئۇ كۈندۈزى نومۇرغا ئىشلىسە، ئاخشاملىرى ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ماتاغا گۈل بېسىپ، شۇنى سېتىپ كۈن كەچۈرەتتى. يېقىن ئەتراپتىكى يۇرتداشلار چاندۇرماي كېلىپ، ئۇنىڭ سەرگەزلىرىنى سېتىۋېلىپ كېتەتتى.

مەن كىچىكىمدىن تارتىپ رەسىم سىزىشقا زوقمەن بولغاچقا، ئۇنىڭ سەرگەزلىرى بىلەن گۈل بېسىشقا ئىشلىتىدىغان قېلىپلىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدىم. مەن ئاخشاملىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە غىپپىدە كىرىۋېلىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان چاغلىرىمدا، سەرگەز سېتىۋالغىلى يوشۇرۇن كەلگەن خېرىدارلارنى دائىم ئۇچرىتىپ قالاتتىم. بوۋاي ئاتا مىراس كەسپىنى تاشلىمىغاچقا، ھەممىشە دېگۈدەك كۆرەشكە تارتىلىپ تۇراتتى.

ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مەن بۇ يىل 8 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، ھەممە نەرسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. بۇرۇنقى يېزا يوللىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، كەنتنىڭ قىياپىتى ئۆزگىرىپ باشقىچىلا بولۇپ قالغانىدى. ئاھالىلەر يېڭى ئولتۇراق رايونىنىڭ بىر چېتىدە ئەينى يىللاردىكى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆزۈندىلىرى يېزىلغان مۇنار يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈندە مۇنارنىڭ ئەتراپىنى بىر ھازا ئايلانغاندىن كېيىن، مۇنارنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى كىچىككىنە بىر كېسەك ئۆيگە قاراپ يول ئالدىم. ياغاچ قوۋۇقنى بىر ھازا چەككەندىن كېيىن، ئۆيدىن بىر مويسىپىت ئاستا چىقىپ كەلدى، ئۇ دەل مەتسەيدى توپاق ئىدى. مەن بوۋاي بىلەن قول ئېلىشقاندىن كېيىن، قوينۇمدىن ئۇ ئەينى يىللاردا ماڭا ئارمىغان قىلغان بەلۋاغنى چىقىرىپ:

—مەتسەيدى ئاكا، بۇ مەن! —دەپ تونۇشلۇق بەردىم. بوۋاي مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ 30 نەچچە يىلدىن بېرى يۈرەك قېتىمىزدا ساقلىنىپ كېلى-

ۋاتقان ئىچ ـ سىرلىرىدىمىز بىر ـ بىرلەپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى:

ـــ ئىمىشقا ئاھالىلەر يېڭى ئولتۇراق رايونىغا كۆچۈپ بېرىپ باللىرىڭىز بىلەن بىرگە تۇرمىدىڭىز؟

ـــ يېشىم چوڭىيىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىنىڭ قەبرىگاھى ئۆيۈمنىڭ ئارقىسىدىلا، ئۇلارنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرسام كۆڭلۈم ئەمىن تېپىپ قالىدۇ، ئۇلارنى يالغۇز تاشلاپ كېتىپ قالسام روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن دېدىم، شۇڭا كۆچكۈم كەلمىدى.



مەن تاماقتىن كېيىن بوۋايغا، ئۇنىڭ سەرگەزچىلىك ھۈنىرىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى رەسىمگە ئېلىۋالماقچى بولغانلىقىمنى ئېيتتىم.

بوۋاي:

ـــ بۇ ئىشنى قولۇمغا ئالمىغىلى ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتتى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىدىن مىراس قالغان ئاشۇ مەخپىي رېتسېپلارنى (سەرگەزگە گۈل باسىدىغان قېلىپلارنى دېمەكچى ـ ت) دائىم قولۇمغا ئېلىپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سىلاپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن. بەزى ساياھەتچىلەر مەندە بىر يۈرۈش گۈل بېسىشقا ئىشلىتىدىغان قېلىپلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، قېشىمغا يۇقىرى باھادا سېتىۋالماقچى بولۇپ كەلدى. بۇ قېلىپلار قولۇمدا داۋاملىق تۇرىۋەرسە، ئۇنىڭ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن ئۇلارغا سېتىپ بەرمىدىم. ئوغلۇم تراكتور ياساشنى ئۆگىنىپ، پۇلمۇ تاپقان بولدى. ئەمما ئاتا كەسپىمىزگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم يوق. ئۈزۈلۈپ قالغىلىۋاتىدۇ، بۇنى ئويلىسام كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولىدۇ ـــ دەپ ئۇھسىندى، ئارقىدىنلا ئۇ يەنە:

ـــ ئەينى يىللىرى سىز قېشىمدىكى چاغلاردا كىشىلەر دائىم ئوغرىلىقچە كېلىپ سەرگەزلىرىمنى سېتىۋېلىپ ئەپ كېتەتتى. ئۇلار مېنى كۈندۈزلىرى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئۇنسۇر»، «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى» دەپ كۆرەشكە تارتىپ، «قۇيرۇقۇم»نى كېسىپ تۇرسىمۇ، ئاخشاملىرى ھۈنىرىمنى قىلىۋېرەتتىم، چۈنكى، ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ماڭا ئېھتىياجلىق ئىدى. ھازىر «قۇيرۇقۇم»نى كېسىدىغانلار يوق بولسىمۇ ئەمما، بازارنىڭ ماڭا ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. خەقلەر ھازىر مەن ئىشلىگەن سەرگەزلەرنى مودىدىن قالدىيەي، زاۋۇتتىن چىققان رەختلەرگە ئوخشاش چىرايلىق ھەم ئەرزان ئەمەسكەنەي، دەپ ياراتمايدۇ. ھازىر قېلىپلىرىمنى ساناپ ئولتۇرۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم، ـ دەپ قاتتىق ئۆكۈندى.

مەن بوۋايغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى فولكلور مەدەنىيىتىگە ئائىت بولغان خەلق ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ توپلاۋاتقانلىقىمنى ھەمدە ئاشۇ ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەشنىڭ پۈتكۈل ئەمەلىي جەريانلىرىنى رەسىمگە ئېلىش ئارقىلىق، ئۇنى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇپ، بۇ قىممەتلىك بايلىقلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. بوۋاي گەپلىرىمنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، ماڭا ئۆزىنىڭ سەرگەزچىلىك ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ماقۇل بولدى.

بوۋاي كەمپىرى بىلەن ئۆيىدىن سەرگەزچىلىككە ئىشلىتىدىغان بوياق، قېلىپ دېگەندەك سايمانلارنى ئېلىپ چىقىپ، ئوغلىنى بازاردىن بىر پارچە خەسە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇۋېتىپ (چۈنكى ھازىر بازاردىن ئاق ماتانى تاپقىلى بولمايتتى) ھۈنىرىنى باشلىۋەتتى. بوۋاي ئالدى بىلەن خېلى يىللاردىن بېرى ئۆيىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ئىشلەتمەي تاشلاپ قويغان يارغۇنچاقنى تېپىپ كېلىپ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى يىغىپ ساقلاپ كەلگەن شاپتۇل دەرىخىنىڭ

سويپىغى ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قوۋزاق، يوپۇرماقلىرىنى يارغۇنچاقتا سىلىپ چۆرۈپ ئەزگەندىن كېيىن، تەييار بولغان خۇرۇچلارنى قازاندىكى قايناۋاتقان سۇغا سېلىپ ئىلەشتۈرۈپ كاتاپ تەييارلىدى. ئارقىدىنلا خەسنى كاتاپقا سېلىپ بىرھازا قايناتقاندىن كېيىن قازاندىن ئېلىپ شامالدىتىپ قۇرۇتۇپ، قۇرىغان خەسنى بۆرەك شەكىللىك بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىگە يېيىپ، ئۇنى «دوككاك - دوك» (ياغاچ توقماق) بىلەن توقماقلاپ يۇمشاتقاندىن كېيىن قېلىپ بىلەن گۈل بېسىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ھۈنەرنى ناھايىتى ئەستايىدىل قىلاتتى. ئۇ ماڭا، مەن 1973 - يىلى بۇ يەردىن كېتىدىغان چاغدا بىر تال بەلۋاغ سوۋغا قىلىپ ئۈزىتىپ قويغانلىقىنى، ھازىر تۇرمۇشىمىز ياخشىلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، شۇڭا ماڭا بۇ قېتىم بىر داستىخان ئىشلەپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ بىر داستىخان ئۈچۈن ئون نەچچە خىل قېلىپ ئىشلەتتى. بۇ قېلىپلارنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىمۇ ئوخشاش ئەمەسكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى مەخسۇس زەدىۋالغا ئىشلىتىلسە، يەنە بەزىلىرى يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئەستەرلىكىگە، بەلۋاغقا، داستىخانغا، ئىشىك - پەنجىرىلەرنىڭ پەردىلىرىگە گۈل بېسىشقا ئىشلىتىلىدىكەن.





ئۇيغۇر سەرگەزلىرىدە مىللىي تۈس ناھايىتى قويۇق بولۇپ لوڭقا، چۆگۈن، ئاپتۇۋا - چىلاپچا، ھىلال ئايلارنىڭ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن سەرگەزلەر كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇنداق سەرگەزلەردە رەڭلەرنىڭ سىلىشتۇرما نىسبىتى ناھايىتى كۈچلۈك، رەڭلەر خىلمۇخىل ھەم جۇلالىق بولىدۇ، نەچچە ئەسىر ساقلانسىمۇ رەڭگى ئاسانلىقچە ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ.

مەتسەيدى توپاق ئالاھازەل ئىككى سائەتلەردىن كېيىن داستىخاننى پۈتكۈزدى. مەن خۇشال بولۇپ، داستىخاننى سەپەر سومكامغا قاتلاپ سېلىپلا ئالدىراش مېڭىشقا تەمشەلدىم. بوۋاي مېنى توسۇۋېلىپ:

——نېمىگە ئالدىرايسىز، ھازىر كەچ بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەرگەزنىڭ گۈلى تېخى سىڭىپ، قۇرۇپ بولالمىدى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇنى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا ئاپىرىپ، دەريا سۈيىدە بىر قېتىم چايقىۋەتكەندىلا ئاندىن رەڭگى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئۆڭمەي ساقلىنىپ قالىدۇ، ئەتە تاڭ ئاتقاندا يولغا سېلىپ قوياي دەپ ماڭغىلى قويمىدى.

خەن لىيەنيۈن ئىمزالىق بۇ ماقالە خەنزۇچە «يىپەك يولى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى.

**مۇختار تۇردى تەرجىمىسى**

**مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن**



# يامان تۈزەلمىگۈچە زامان تۈزەلمەس

يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى



بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىراتى خوتۇن ـ قىزلار ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلدى. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى تۇنجى ئىش بولۇپ، تېخى شۇ كەمگىچە بىرەر ژۇرنال ياكى نەشرىيات ئورۇنلىرى ماڭا مۇنچىلىك ئىشەنچ قىلىپ مەندىن ئەسەر تەلەپ قىلمىغانىدى. مەن گەرچە خېلى يىللاردىن بېرى ئۆز كەسپىمگە «يات» ھالدا ئۆزۈم قىزىقىدىغان ۋە شۇنى قىلسام بىر باشقا ئېلىپ چىقالايمەن، دەپ ئىشەنچ قىلغان ساھەلىرىم بويىچە بەزى ئىلمىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزۈمنى ئىلىم دۇنياسىدا ياشاۋاتىمەن، دەپ ھېسابلىساممۇ، ئەمما شۇ ساھەنىڭ نەق ئۆزىدە ئىشلىمىگەنلىكىم ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ئىلمىي ساھەنىڭ ئادىمى ئەمەس ئىدىم. قانداق يېزىش كېرەك؟ نېمىلەرنى يېزىش كېرەك؟ نەشر ئەپكارلىرىمىز خوتۇن ـ قىزلار ھەققىدە نېمىلەرنى باستى؟ قەدىمكى زاماندىكى خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ ھازىرقى خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭچۇ؟ خوتۇن ـ قىزلار مەسىلىسى زادى قانداق ھادىسە؟

قاتار تىزىلىپ تۇرغان بۇ سوئاللار مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنى كۈتۈۋاتاتتى. بۇ سوئاللارغا چوقۇم جاۋاب تېپىلىدۇ، دەپ ئويلىدىم. دېگەندەك جاۋابمۇ تېپىلدى. ماقالە جۈمە كۈنى يېزىلىشقا باشلىدى، جۈمە كۈنىدە تاماملاندى. بىراق ماقالىنىڭ باش قىسمى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋاتقاندا ئاخىرقى قىسمى تېخى يېزىلماقتا ئىدى. ماقالە ئېلان قىلىنىپ ئاز كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي تۇرۇپ، ئۇنى ئايرىم كىتابچە قىلىپ نەشر قىلساق دېگۈچىلەر چىقتى. ئەپسۇس، بۇ تېخى ئۇنىڭ ۋاقتى ئەمەستى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يەنى دۈشەنبە كۈنى ئىدى. ئادىتىم بويىچە سەھەر تۇرۇپ ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىشخانامغىمۇ كىرمەي مۇھەررىر ئابلىمىت ئىمىن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تالا ـ تۈزنى ئايلانغاچ خەلق نەشرىياتىغا كەلدىم. نەشرىياتتىكىلەر تېخى تولۇق ئىشقا چۈشۈپ بولالمىغان بولۇپ، بەزى ئىشخانىلار ئوچۇق، بەزىلىرى ئېتىكلىك، بەزىلىرىدە بولسا تازىلىق قىلىنىۋاتاتتى. مەن كۆرۈشىدىغان كىشى

تېخى كەلمىگەچ، بۈگۈن ھەممىدىن بۇرۇن ئىشكى ئېچىلغان «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ساقلاپ تۇرۇشۇمغا توغرا كەلدى. بىرقانچە ماقالەم بىلەن قەدىناس بولۇشۇپ قالغان ژۇرنال مۇھەررىرلىرى مېنى قىزغىن قارشى ئالدى.

تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى.

—ۋەي، «بۇلاق»مۇ؟—دېدى تېلېفوننى ئېلىشىمغا بىر كىشى—ژۇرنال مۇھەررىرلىرى بارمۇ؟

—ھازىرلا بار ئىدى، باشقا ئىشخانىلارغا چىقىپ كەتتىمىكىن، سەل توختاپ تۇرسىلا—دېدىم مەن.

مەن يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق، ئېيتىپ قويسىلا، ئۇلار كەلسە ماڭا تېلېفون قىلار.

ئارىدىن 1 ـ 2 مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەي، تېلېفون يەنە جىرىڭلاشقا باشلىدى. ئەمدى مەن بۇ تېلېفوننى ئېلىش ـ ئالماسلىق ھەققىدە ئارىسالدى بولۇۋاتاتتىم. تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى توختىمىغاچ ئالماي بولمىدى.

—«بۇلاق» ژۇرنىلىمۇ؟—تېلېفوندىن بىر قىزنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتاتتى.

—ھەئە.

تېخى گەپنىڭ ئايىغى چىقماي تۇرۇپ مۇھەررىر كىرىپ كەلدى. مەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئەمما ئۇ، ھايال قىلمايلا تېلېفوننى ماڭا سۇندى ۋە سىلىنىڭ تېلېفونىكەن...

مەن ۋە ژۇرنال خادىملىرى ھەيران قالدۇق، تۇرۇپكىنى ئالدىم.

—سىلە يۇسۇپجانمۇ؟—دېدى ئۇ. گەپ قىلىۋاتقىنى بايىقى قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى.

—ھەئە، مەن شۇ، سىز كىم؟

تېلېفوندا گەپ قىلىۋاتقان قىز تۇيۇقسىز ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. مەن ھەيرانلىق ئۈستىگە ھەيرانلىقتا، ئۇ بىر ياقتىن يىغلاپ، بىر ياقتىن سۆزلىمەكتە ئىدى.

—مەن سىلىنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىدىكى ئاياللار ھەققىدە يازغانلىرىنى تۈنۈگۈن ئاخشام ئوقۇپ بىر كېچە ئۇخلىيالمىدىم،—دېدى ئۇ خۇددى بىرەر نەرسىدىن سۆيۈنگەندەك تەلەپپۇزدا ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

—مەن دەل ئەنە شۇ سىلىنىڭ ماقالىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بىچارە قىز. ئۆزۈم جەنۇبىي شىنجاڭلىق، ئىسمىم ئابىدە. كىچىككىمدىنلا ئاشۇنداق يولغا كىرىپ قالغان، مەن ھازىر گۇاڭجۇدا، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن...

—سىز گۇاڭجۇدا نېمە ئىش قىلىسىز؟

—گۇاڭجۇغا كەلگەنلەر نېمە ئىش قىلماقچى؟—دېدى ئۇ بىر ئاز خىجىل بولغاندەك ئاچچىق كىنايە ئارىلاش،—دەسلەپتە ئويناپ ئىچىپ قالدىم، كېيىن بىرسى بىلەن... كېيىن...

ئۈچ ياشقا كىرگەن بالام بار ئىدى...

ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىدىن سەسكەنگەندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئۇنى ھېچبىر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەرلىككە ئوخشىتالمىدىم. ئۇ، بىر خىل بۇزۇلغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئورتاق ئەدەبىي تىلىدا سۆزلەيتتى. مېنىڭچە ئۇ ئەمدى گەپ قىلمايتتى. ئۇ قايتا گەپ قىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ قايغۇ ـ ئەلەمى، قورقۇنچىسى، ئۈمىدى، ئىشەنچىسى ۋە ئارزۇسى ماڭا يېتىپ ئۆزى يېنىكلەپ قالغاندەك ئىدى. شۇ تاپتا خىيالىمدىن مۇنداق ئىشلار ئۆتۈشكە باشلىدى...

1976 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلى، بىر كۈنى بىر كىشى ئالدىمغا كىرىپ ھاياتىمدا زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ بىدئەت ئىشتىن بىرنى مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىر ئادەم بار ئىكەن، ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا ئەيىبناك، ئاجىز بىر ئوغلى بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى ئۆيلەپ قويۇپتۇ. ئەمما ئۇ پۇشتىدىن تۆرەلگەن ئاجىز، ئەيىبناك، مېيىپ ئوغلىنىڭ ئەۋلاد قالدۇرالماسلىقىدىن ۋە ياكى كېلىنىنىڭ تالاغا قاراپ قېلىپ ئائىلىسىنىڭ يۈزىنى تۆكۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كېلىنىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، كېلىنى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلىپ كەپتۇ. ئاغرىقچان، تەقۋادار قېينانا بۇنى سېزىپ قېلىپ توسقاندا، ئۇ دەيۈز ئۇنى بىرقانچە قېتىم تورۇسقا ئېسىپ ئۇرۇپتۇ. مەن بۇ ئىشتىن قاتتىق دەرغەزەپ بولدۇم، دەسلەپتە ئۇ ماڭا ھەيۋە قىلدى، ھەتتا مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولدى، ئاخىر كېيىن خاتا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ ئۆز گۇناھىغا توۋا قىلدى، ئۇنىڭ كېلىنىنى ھۆكۈم بىلەن مەجبۇرىي قويدۇرۇۋەتتىم...

1977 ـ يىلى كۈز پەسلى ئىدى، تەشكىل ماڭا جىق گۇناھ قىلىپ تۇتۇق بەرمەيۋاتقان بىر ئالدامچىنىڭ دېلوسىنى رازۋېدكا قىلىشىمنى تاپشۇردى. ئالدامچى شۇنداق

كۆرۈمسىز سەت بىر مەخلۇق ئىدىكى، ئۇنى كۆرگەن ئادەم
ئۇنىڭدىن يىرگىنەتتى. ھەيران قالدىمكى، ئۇ ئۆزىنىڭ
ئەنە شۇنداق سەت چىرايى بىلەن چىرايلىق قىزلارنى
ئالدايتتى. ئۇ، ئاۋۋال بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئىشلەمچىلىككە
كىرىدىكەن، كېيىن قىزلىرىنى ئالداپ ئەپچىقىپ خوتۇنـ
لايدىكەن ئاندىن كېيىن باشقا يۇرتلارغا ئاپىرىپ، تاشـ
لايدىكەن، ياكى ساتىدىكەن، ئاندىن كېيىن يەنە قايتىدىن
يېڭى ـ يېڭى جىنايەتلەرنى لايىھىلەيدىكەن. ئۇ ئۆزى قاـ
مالغان يۇرتنىڭ قاماقخانىسىغا كىرىپ قېلىشتىن بۇرۇن
ئۆز يۇرتىدا نۇرغۇن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، بىگۇناھ
كىشىلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپتۇ. ھەتتا قېرى داـ
دىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ يۇرتقا كەلمەسلىكىنى تىلەيدىكەن...
كېيىن ئۇ گۇناھىغا تۇشلۇق جاجىسىنى يېدى!

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى بولسا كېرەك، جەمئىيەتتىكى
قىزىق ئىشلارنى نە ـ نەلەردىن تېرىپ ئەپ كېلىپ ماڭا
سۆزلەپ بېرىدىغان بىر بۇرادىرىم بار ئىدى. ئۇ ماڭا
مۇنداق بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بەردى: ئۇنىڭ ئېيتىشـ
چە، دائىم يېنىغا يان قورال ئېسىپ يۈرىدىغان بىر ئادەم
بار ئىكەن، ئۇنىڭ قىزى ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلەن
باغچىغا بېرىشقا ئۆگىنىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن دادىسى خاـ
تىرجەم ئەمەسكەن، بىر كۈنى ئۇ، قىزىنىڭ باغچىغا ماڭغان
كۈننى توغرىلاپ تۇرۇپ كەينىدىن بېرىپتۇ ۋە غەزىپىگە
بەرداشلىق بېرەلمەي، قىزىغا قارىتىپ يان قورالدىن ئوق
چىقىرىپتۇ. بىر پاي ئوقنىڭ ئېتىلىشى بىلەن بۇ باغچىدا
ئادەم زاتى تۈگۈل، قۇش جان ـ جانىۋارلارمۇ تېزىپ كېـ
تىپتۇ. ئويلاپ قالدىمكى، بىزنىڭ قورال تۇتقان ئادەملىـ
رىمىز ئىچىدىنمۇ مانا مۇشۇنداق قەھرىلىك، مەرد، نوچى
ئىنسانلار چىقىدىكەن. ئۇقسام، تەلىيىگە يارىشا قىزىمۇ
ھايات قاپتۇ، ئاتىمۇ تۈرمىگە كىرمەپتۇ...

ئۆزۈمچە يۇرت ئىچىدە خېلى ئابرۇيلۇق ھېسابلايـ
دىغان بىر مويسىپىت بار ئىدى. كېيىن ئۇقسام ئۇنىڭ ھاـ
راق ئىچمىسە تۇرالمايدىغان بىر يامان ئادىتى بار ئىكەن.
ئۇ، ئوغۇللىرى، قىزلىرى چوڭ بولۇپ قالغاندا ھەتتا
نەۋرىسى نەچچىگە يەتكەندىمۇ شۇنداق قىپتۇ، قۇدا ـ باـ
جىلىرى، كۈيئوغۇل، ئوغۇللىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ
ئىچىدىكەن، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇيۇقسىز جاڭجال
چىقتى. قارىساق، كۈيئوغلى بىلەن ئوغلىنىڭ قولى ئۇنىڭ
ياقىسىدا تۇرىدۇ، ئەتىسى بۇ ئۇچەيلەننى يۈز ـ كۆزلىرى
يېغىر ھالدا سوتتا كۆردۇق...

مېنىڭ پات ـ پاتلا باشقا يۇرتلارغا بېرىپ سەيلە ـ
ساياھەت قىلىپ تۇرمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان ئوغلى
بار بىر ئاق كۆڭۈل ساۋاقدىشىم بار ئىدى. 80 ـ يىللارـ
نىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، بىر كۈنى ئۇنىڭ شۇ ئوغلى
دادىسىدىن بىسوراق بوينى يوغانلىق قىلىپ باشقا بىر
شەھەرگە ئوينىغىلى بېرىپ، نادانلىقىدىن يامان ئادەملەرـ
نىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنى تېپىش ھەر كۈنلۈكى
نەچچە مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئاھالە كېلىپ ـ كېتىپ تۇـ
رىدىغان بۇ شەھەردە خۇددى دېڭىزدىن ئۈنچە ـ مەرۋاـ
يىت ئىزدىگەنگە ئوخشاش ئىش ئىدى، ئىنشائاللا، مىڭ
بىر جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ، يان قورالىق ۋە توك
كالتەكلىك ئاغىنىلىرىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى يولۋاسـ
نىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتۇق...

1995 ـ يىلى يازدا رىزقىم كۆتۈرۈلۈپ يىگىرمە نەچچە
يىلدىن بېرى ئۇچامغا ئارتىپ كېلىۋاتقان ئېغىر پولات
دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلارنى چۆرۈۋېتىپ، يېتىم ئوغۇل، تۇل
خوتۇنلارنىڭ دەردىنى تىڭشايدىغان بىر ساخاۋەتلىك ئىـ
دارىگە كېلىپ قالدىم. مەن ئىشقا چۈشكەن بۇ يەر گەرچە
شۇ نام بىلەن ئاتالمىسىمۇ، مېنىڭ تىلىمدا «ساخاۋەتخاـ
نا». ئۇ يەردە تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ساۋابلىق ئىشلار بېجىـ
رىلىدۇ، شۇ مەنادىن ئۇ ھېچقانداق يەرگە ئوخشىمايدىغان
خاسىيەتلىك جاي، ئەمما قىرىشقاندەك ئۇ كىشىلەر ئانچە
دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان، گېزى كەلگەندە ھەتتا ئەتىـ
سى ئاخشاملىرى تەرىتى قىستاپ كېتىپ، خالاجاي تاپالماي
قالغان ھاجەتمەنلەر ئالدىراشلىقىدا ئولتۇرۇپ قويىدىغان
پىنھان بىر بۇلۇڭ كوچىغا جايلاشقان. مانا بۇگۈن ئۇنىڭ
يوغان قوش قاناتلىق تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىدا تېخى
ئاخشامقى تۈن قاراڭغۇسىدا ياندۇرغان مەستلەرنىڭ سېـ
سىق قۇسۇقلىرى بىلەن گەندىلىرى ئاچچىق بەدبۇي پۇـ
راق چىقىرىپ پوتەيدەك تۇرىدۇ.

مەن بۇ يەرگە كېلىشىم بىلەن تەڭلا دەرۋازا ئالدىدىـ
كى ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ كەلگەن بىر توپ دەردـ
مەنلەر گۇرۇلدىشىپ كېلىپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن ماڭا قولـ
لىرىنى ئۇزارتىشتى. بۇ يەرنىڭ ئادىتىدە بۇ يەردە ئىشـ
لەيدىغانلار سىرتتىن كەلگەن دەردمەنلەر بىلەن ئۆزىنىڭ
ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇق، قوشنا ـ قولۇملىرى،
توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، رېستورانداش بۇرادەرلـ

ری ياكى باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكىدەك قىزغىن تەبەسسۇم قىلىپ سالاملاشمايتتى. ئەكسىچە، بەزىدە ھەتتا ئۇلارنىڭ پېشى تېگىپ كەتكەن يەرلەر – ئىشخانا، ئورۇندۇق، ئۈستەللەر ئۇلتېرا بىنەپشەرەڭلىك نۇر بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىناتتى. بۇ ئىدارىنىڭ ئىشخانىلىرى خۇددى ئۇنىڭ ئىش بىناسىغا ئوخشاشلا كونىراپ كەتكەن بولۇپ، ئورۇندۇق، ئۈستەل، كرېسلولارنىڭ بەزىسى 50 – يىللاردىن، بەزىسى 60 – يىللاردىن قالغان ۋە بەزىسى بولسا سىل – پەل يېڭىلانغان بولۇپ، يەنە مۇشۇ ھالىتى بويىچە تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، زامانىنىڭ تەلپىگە يەنە 100 يىلدىمۇ يېتىشەلمەيتتى. بۇ يەردىكى زاھىرى تۇرقىدىن ھاللىق «بايۋەچچە»لىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئايرىم ساندىكى بىرقانچەيلەندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئاددىي – ساددا كىيىنگەن بولۇپ، تاشقى قىياپىتى قانچە ئاددىي بولسا، ئۇلارنىڭ ئىشخانىلىرىمۇ شۇنچە ئاددىي، ئۇنىڭ خېرىدارلىرى بولسا ئۇنىڭدىنمۇ ئاددىي ئىدى.

ئىشكنى ئېچىشىم بىلەن تەڭلا ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ھېلىقى بىر توپ دەردمەنلەر بىر – بىرىدىن ئۆچىرەت قىزغىنىشىپ دۇرۇكلىشىپ كىرگەن پېتى قويۇلغىنىغا ئۇزاق جاھان بولغانلىقتىن ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا كرېسلوغا كېلىپ تىقىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ يەرنى ساخاۋەتخانا دېگەندىن كۆرە، قارا تىل بويىچە مۇساپىرخانا، دېگەن تۈزۈك ئىدى. بەزى دەردمەنلەر يازنىڭ سەراتان ئىسسىق كۈنلىرىدە بوسۇغامنىڭ تۈۋىدىلا ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى تۆشەك قىلىپ تاڭنى ئاتقۇزسا، بەزى دەردمەنلەر قەھرىتان قىش كۈنلىرىدە لەپىلدەپ يېغىۋاتقان دەھشەتلىك قارغا قارىماي، يىراق سەھرا ۋە قىرلاردىن كېلىپ، ئۈمىدسىز كۆزلىرىنى بۇ تۇمانلىق شەھەرنىڭ مۇزلۇق كوچىلىرىغا تىككىنىچە ھاسىلىرىنى چوقۇپ – چوقۇپ ئاستا – ئاستا كۆزدىن غايىب بولاتتى.

بۈگۈن كەلگەن دەردمەنلەر ئىچىدە ياش قورامى 40 بىلەن 45 نىڭ ئارىلىقىدا بىر ئايال زاتى بار. ئۇ ھېچكىمدىن ئۆچىرەت تالاشمىدى، باشقىلارنىڭ گەپ – سۆزىگە قۇشۇقمۇ سالمىدى. ئەكسىچە، بارلىق دەردمەنلەر دەردىنى تۆكۈپ بولغۇچە سەۋر – تاقەت قىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئىشتىن چۈشەي دېگەن ۋاقتىمغا توغرىلاپ ئاندىن ئېغىز ئاچتى:

— مەن غۇلجىدىن كەلدىم ئەپەندىم، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرغان بىر جۈپ قولىدىكى قاتلىنىۋېرىپ پۇرلىشىپ، كىرلىشىپ قارىداپ كەتكەن بىر ۋاراق قەغەزنى ماڭا سۇنۇپ، — تۇتىيالىق بىرلا قىزىم بار ئىدى، باشقىلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن زەھەر چېكىپ زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا كىرىپ قالدى. ئىلتىپات قىلىپ بۇ بىچارە قىزىمنى قولۇمغا قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرگەن بولسىلا.

ئۇ ئايال ئىنتايىن پەرىشانىدى. قارىماققا، ئۇزاق يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كەلگۈچە قاتتىق چارچىغان، ھارغان بولۇپ، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ دەردىدە تولا ئويلاپ پۈچىلىنىپ ئەقلى – ھوشىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى. تاغدىن – باغدىن سۆزلەيتتى، لېكىن قىزى توغرىسىدا گەپ قىلغاندا بولسا، ئۇنىڭ گېپى شۇنداق ئورۇنلۇق ئىدى، ئازراقمۇ ئازمايتتى. قىسقىچە قىلىنغان بىر نەچچە مىنۇتلۇق سۆھبىتىمىزدىن كېيىن ئۇنى قىزى تۇرۇۋاتقان مەجبۇرىي زەھەرسىزلەندۈرۈش مەركىزىگە تونۇشتۇرۇپ بەردىم. ئۇ ئىشخانامدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىلىقىدا تىترىگەندەك بولۇپ، ئارقىسىغا يېنىشلاپ – يېنىشلاپ بىر نەچچە رەت قاراپ قويدى. مەن كەينىدىن ئۇزىتىپ چىقتىم. بۇ مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى بولۇپ دەردمەنلەرگە ئەنە شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشۇم ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى، زۇۋانى، كىيىم – كېچىكى، تەقى – تۇرقى، روھىي دۇنياسى، ئىشقىلىپ ھەممە نېمىسى ئاپامنىڭ، ئاچامنىڭ، خوتۇنۇمنىڭ ۋە قىزلىرىمنىڭكىگە ئوخشايتتى.

مەن شاھىد بولغان بۇ ئىشلار «گۇاڭجۇلۇق قىز» ئابىدە ھېكايىسىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ ئىختىيارسىز ھالدا خىيالىمدىن ئەنە شۇنداق بىر – بىرلەپ تېز ئۆتۈپ كەتتى. دەرۋەقە، مەن شۇ ئىشلارنىڭ شاھىدى. مېنىڭ ھاياتىمدا مەن شاھىد بولغان ئىشلاردىن يەنە نۇرغۇنلىرى، قىزىقارلىقلىرى بار. شۇڭلاشقىمىكىن، ئۆزۈمچە كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرىمنى، بېشىمدىن بىۋاستە ئۆتكەنلىرىنى چىنلىقى بىلەن خاتىرەمگە يېزىپ مېڭىشنى ئادەت قىلغانمەن، بۇنى بەزىلەر ياخشى ئادەت دېيىشىدۇ، مېنىڭچىمۇ شۇنداق. دەسلەپىدە مەن خاتىرىلىگەنلىرىمگە ئاساسەن باللارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ ئەخلاقلىق تەربىيىلىنىشى ھەققىدە يازدىم، كېيىن ئەر – خوتۇنلارنىڭ ئورۇنسىز باھانە – سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىـ

رىپ، ئىناق ئائىلىلەرنى بۇزۇپ بالىلىرىنى يېتىم قىلماسلىقى ھەققىدە يازدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن زەھەر چەكمەسلىك ھەققىدە يازدىم. ئەمما يازغانلىرىمنىڭ ئوقۇرمەنلەر دە قانچىلىك تەسىر قوزغىغانلىقىنى بىلمەيمەن. چىنىگراق ئېيتقاندا، بۇلار مېنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزىقچىلىق مەشىقلىرىم ئىدى.

«گۇلجۇلۇق قىز»نىڭ ئۆز تەقدىرى ھەققىدىكى يىغىسى غۇلجىلىق ئايالنىڭ بىچارە قىزى ھەققىدىكى يىغىسىغا بەك ئوخشايتتى. ئۇ يىغلاۋاتاتتى، ئەمما ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش، ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىمايتتى. ھەتتا ئۇ شۇنداق يېتىم ئىدىكى، ئۇنىڭ يىغىسىغا مۇساپىر، يېتىملەرنىڭ غەمگۇزارى بولمىش ئىمام سەيدى ۋەققاسمۇ سۈكەتتە ئىدى. سەيدى ۋەققاس ئۇنى تونۇمايتتى، ئۇمۇ سەيدى ۋەققاسنى تونۇمايتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە سەيدى ۋەققاس ـ بۇ مەۋزەئى بۇزرۇك ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغان ئاتىدىن مەھرۇم ئىدى.

ـــ«بۇلاق» گۇلجۇغا بېرىپتۇ ـ دە،ـــ دېدىم ئىچىمدە ئۆز ـ ئۆزۈمگە شۇۋىرلاپ.

بۇ يەردە ئاياللار ھەققىدە دېيىلىۋاتقىنى «ئىسلامىيەتتىكى ئاياللار ۋە 21 ـ ئەسىردىكى خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ تەقدىرى» ناملىق ماقالە بولۇپ، ئۇ بۈگۈن ھەقىقەتەن بىر ئىنساننىڭ روھىيىتىنى قوقاسقا سېلىپ پۇچىلاۋاتاتتى. ئۇ شۇڭلاشقا تونۇگۈن بىر كېچە ئۇخلىيالمىدى، ئۇ شۇڭلاشقا بۈگۈن تاڭ يورۇشى بىلەنلا ماڭا تېلېفون بېرىشنى قارار قىلدى. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئىچ مۇقاۋىسىغا يېزىپ قويۇلغان تېلېفون نومۇرى ئۇنىڭ مەن بىلەن ئالاقىلىشىشىدىكى ئەڭ ئوبدان ۋاستە ئىدى، ئۇ «بۇلاق»قا تېلېفون بەرسە مېنى تاپالايتتى. ئۇ ھەممىنى ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە قىلدى، ئاخىرى مېنى تاپتى. ئۇ، مېنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى سورىماقچى ئىدى. ئۇ، مېنىڭدىن نېمىلەرنى سورايدىغاندۇ؟ ئۇ، مېنى تونۇمايتتى، ئەمما تونۇماقچى ئىدى. مېنىڭ كېسىپ ـ كېسىپ گەپ قىلىدىغان كەسكىن تەلەپپۇزۇم ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدىمىكىن ـ تاڭ! ئۇنىڭ يەنە ماڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى نېسى قالدى. پەمىمچە، ئۇ، مەن ھازىر تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدىم، ئەتراپىمدا بىر توپ ناچار، چاكىنا ئادەملەر بار، سىز مېنىڭ ئۆزىڭىز بىلەن پاكلىنىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ. بېشىمنى كۆتۈرۈپ سىز بار تەرەپكە نەزەر سېلىشىمغا ئىجازەت بېرىڭ، خۇددى چاقنىغان قۇياش نۇرىدا قارا يىپ بىلەن ئاق يىپ قانداق ئايرىلسا، مېنىمۇ ئۇلاردىن شۇنداق ئايرىۋېتىڭ، سىز ماڭا ياردەم قىلىڭ، دېگەندەك قىلاتتى.

ـــشىنجاڭغا كېلەلەمسىز؟ـــدېدىم مەن ئۇنىڭغا.

ـــبارالايمەن،ـــدېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ.

ـــقاچان كېلەلەيسىز؟

ـــبىر ھەپتىدىن كېيىن يولغا چىقالايمەن.

ـــشىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن تېلېفون بېرىڭ.

بىزنىڭ تېلېفوندىكى دىئالوگلىرىمىز تۈگىدى. ئۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چېغىمدا قانداقتۇر تەنلىرىم شۈركىنىپ، ۋىجدانىم ئازابلىنىۋاتاتتى، قانداقتۇر بۈگۈن نەپرەت بىلەن مۇھەببەت مەندە مۇجەسسەملەنگەنىدى. مەن 90 ـ يىللىنىڭ ئاخىرلىرىدا تېخى ئەمدىلا نەشىردىن چىقىپ كىتابخانىغا سېلىنغان «كۆز تەگكەن ماكان» ناملىق ئوچېرىكتىن مانا مۇشۇ قىزغا ئوخشاش ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە چىقىپ كېتىپ ئىچىش، ئويناش، چېكىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن كۆپىنچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ بولسا، شۇ يەردە ئۆلۈپ تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، شۇلارغا ئىنساپ، تەۋپىق تىلىگەنىدىم. بۈگۈن بۇ قىزدىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلەلەيدىغان ـ كېلەلمەيدىغانلىقىنى سورىشىمنىڭ سەۋەبى مانا شۇ ئىدى.

شۇ تاپتا خىيالىم مېنى بىردىنلا بۇ قىزنىڭ، ياق، يالغۇز بۇ قىزنىڭلا ئەمەس، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن قىزلارنىڭ جەننەت كەبى گۈزەل بۇ بەرىكەتلىك ئانا يۇرتىمىزدىن نېمىشقا ئۈركۈپ چىقىپ كېتىپ، قايتىپ كېلەلمەي مۇشۇنداق پاجىئەلەرگە مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىگە جاۋاب تېپىشقا زورلايتتى. راست، دېمىسىمۇ ئۇلار نېمە ئۈچۈن جەننەت كەبى بۇ يۇرتنى تاشلاپ باشقىلارنىڭ يۇرتلىرىغا كېتىدۇ؟ باشقىلارنىڭ يۇرتلىرى باي، گۈزەل، بىزنىڭ يۇرتىمىز نامرات، قاقاسلىقمۇ ـ يە؟ نۇرغۇن سوئاللار ئالدىمغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئاخىرى سوئاللارنىڭ ئىچىدىن بىرىگە جاۋاب تاپتىم، جاۋاب شۇكى، بىزنىڭ يۇرتىمىز نامرات ئەمەس، بەلكى ناھايىتى باي ـ باياشات، بەرىكەتلىك. بىزنىڭ يۇرتىمىز چۆل، قاقاسلىق ئەمەس، بەلكى ھۆر ـ پەرىلەر تولغان جەننەتتەك گۈزەل.

مېنىڭ بېيجىڭدا بىر خەنزۇ ئايال تونۇشۇم بار، ئۇ

مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق بىر ئىلمىي جەمئىيەتتە ئىشلەيدۇ. ئۇ ئەزەلدىن شىنجاڭغا كېلىپ باقمىغان، ئۆتكەن يىلى 7 ـ ئايدا يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى ۋە يىغىن ئاخىرىدا شىخەنزە، بۇغدا كۆلى، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولدى. ئۇ بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن «غەربكە ساياھەت» ناملىق بىر پارچە نەسر يېزىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يەنە «ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» دەپ بىر يان ماۋزۇمۇ قويۇپتۇ. ئۇ بۇ نەسىردە مۇنداق دەپتۇ:

«بۇ جاينىڭ تاغ ـ دەريالىرى، ھېچ يەرگە ئوخشىمايدىغان گۈزەل مەنزىرىسى قانچىلىغان ئەدىب ۋە باھادىرلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغاندۇ ـ ھە! ئۇلۇغ تەڭرى بۇ يەرگە شۇنچە كەڭ بىپايان زېمىننى، زۇمرەتتەك كۆپكۆك ئاسماننى، ھەيۋەتلىك سىرلىق قارلىق تاغلارنى، كۆز يەتكۈسىز ياپيېشىل يايلاقلارنى، تېخى ئادىمىزات ئاياغ باسمىغان چۆل ـ جەزىرىلەرنى، سۈپسۈزۈك مۇز تاغ سۇلىرىنى، توپ ـ توپى بىلەن مەرىشىپ، ھۆكۈرۈشۈپ ئوتلاۋاتقان كالا، قويلارنى ئاتا قىپتۇ. بىز شەھەرلىكلەر قوۋۇق، قەلئەلىرىمىزدىن چىقتۇق ۋە ئەنە شۇ چېكى يوق زۇمرەتتەك كۆك ئاسماندا سەير قىلىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچىلا بۇ قوڭۇر تۇپراقلىق ئورمانلىققا ــ ئىپتىدائىي مەسۇم، سەبىي، ساپ، پاك تەبىئىي تۇپراققا قەدەم قويدۇق. بىز بۇ يەردە ھەممە غەمدىن خالاسلىنىپ ئەركىن نەپەس ئالدۇق. بېشىمىزدىن تارتىپ ئاياغلىرىمىزغىچە، ئىچىمىزدىن تارتىپ تېشىمىزغىچە، ئىشقىلىپ ھەممە نېمىمىزنى تازىلاپ ئادالىغاندەك بولدۇق.

بىز تۇرپان ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، يېمەك ـ ئىچمىكىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخى بىلەن مەزمۇنى مول مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى كۆردۇق.

قەشقەردىكى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرلار ئايرىم قورۇ ـ جايلاردا ئولتۇرىدىكەن، ھەممە ئائىلىلەر گۈل باقىدىكەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى بىلەن تازىلىق ئادەتلىرى، مەسىلەن: ناماز ئوقۇشلىرى، بىر كۈندە بەش قېتىم تاھارەت ئېلىشى، ئوغۇل بالىنىڭ يەتتە ياشتا خەتنە قىلىنىشى قاتارلىقلاردا چوڭ بىر ئىلمىي ھېكمەت بار ئىكەن.

بۇ يەرنىڭ ئەڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپلىكىدە ئىكەن. ھازىر بۇ يەردە مىللەتلەر كۆپىيىپ 47 گە يېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار ئەسلىدە بۇ يەردىكى ئاساسلىق مىللەت بولسىمۇ، رايون ئۇقۇمىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نوپۇسنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، خەنزۇلار ھازىر ئاساسلىق تەركىب (مىللەت) بولۇپ قاپتۇ. بۇ يەرنىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرى، كۆكتاتلىرى، يەل ـ يېمىشلىرى، قوي ـ كالا گۆشلىرىنىڭ تەمى ئۆزگىچە مەززىلىك ئىكەن. شۇنداق بولغاچقىمىكىن، خېلى كۆپ ساندىكى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەرنىڭ تاماق يېيىش ۋە تۇرمۇش ئادىتى بارا ـ بارا بۇ يەرگە ماسلىشىپ ئۆزگىرىۋېتىپتۇ.

بۇ يەردىكىلەر، قوي ـ كالىلىرىمىزنىڭ ئىچىدىغىنى مىنېرال سۇ، سۈمۈرىدىغىنى ساپ ھاۋا، يەيدىغىنى دورا ئۆسۈملۈكلىرى، چېچىدىغىنى ئالتە خىل تەركىبلىك ئەگرى سۈناي كۇمۇلچى ① دەيدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خېلى كۆپ سانلىقلار بۇ زېمىنغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپتۇ. پۈرستى كېلىپ ئەسلى يۇرت ـ ماكانلىرىغا كېتىدىغانلىرىمۇ كەتمەيدىغان بوپتۇ ياكى كەتمەپتۇ، ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنى مۇشۇ يەرلىك بىز، دەپ ئاتىشىدىكەن، ئۇلار بۇ ئاتەش تۇپراقتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان بوپتۇ».

يۇقىرىقىلار بېيجىڭلىق بىر تەتقىقاتچىنىڭ شىنجاڭغا تۇنجى كەلگەندىكى تەسىراتى. مەن بۇ مۆھتىرەم خانىمنىڭ مېنىڭ تۇزىتىشىمگە ئەۋەتكەن بۇ ماقالىسىنى پات ـ پات ۋاراقلاپ قويىمەن ۋە شۇنداق ئېسىل بۇ زېمىندىن يەنە نېمىشقا بەزىلەر باشقا يەرلەرگە كېتىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالىمەن. بىزدە بەزىلەر چەت ئەلگە چىقىۋېلىپلا كەلمەيدۇ، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ بولسا كەتكۈسى كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئېچىۋېتىلگەن دېڭىز بويى رايونلىرىغا كېتىۋاتقان مودا قىزلار تېخىمۇ شۇنداق. بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى: «يۇرت قالۇر، تۆرۈ ② قالماس» دېگەن. بىزدە ھازىر يۇرتمۇ، تۆرۈمۇ ئوخشاشلا تاشلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

مۇسا جارۇللاھ ھەزرەت مۇنداق دېگەن:

«تەبىئەتنىڭ جامالى، گۈزەللىكى كۆزى بار ئەقلى بار، ئىنساننى مەپتۇن ئېتەر، ھەر شەيئىدىن مۇستەغنى ③ سۇلتان ئېتەر. ئورمان، باغ ئارىسىندە يېشىل ئوت، ئاقار

سۇ كانارىندە ④ يۈزى ياكى ئەقلى گۈزەل بىر ئىنسان سۆھبىتىدە يەر يۈزىنى، نىھايىتى يوق فازانى ⑤ ، كۆكلەرنى، يۇلتۇزلارنى تاماشا ئەتمەك ئەڭ بۈيۈك بىر لەززەتتۇر، ئەڭ بۈيۈك بىر سائادەتتۇر. مېنىڭ ئېتىقادىم ۋە ھېسسىياتىم شۇيلەدۇر ⑥ ».

بىز قەدىمكى يايلاق ھاياتىنى تاماملاپ زېمىن تۇتۇپ ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا ئادەتلەنگىنىمىزدىن ئېتىبارەن، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچىلىرىمىز ئەنە شۇ كىشىنى مەپتۇن ئېتىدىغان تەبىئىي يايلاقتىن، ئورماندىن، يېشىللىقتىن ئايرىلىپ قالدۇق. قالغانلار قالدى، كەتكەنلەر كەتتى. گەرچە بىز تىنماي ئاشۇ يېشىللىقنى ئىزدىگەن، بەرپا قىلغان بولساقمۇ، مىڭ ئەپسۇس، جارۇللاھ ھەزرەتلىرىدەك ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمىدۇق. «ئىنسانىنىڭ زاھىرە ئەمالى قەلبىنىڭ تەرجىمىسى» دېگەن گەپ بار. دەرھەقىقەت، بېيجىڭلىق بۇ مۆھتەرەم خانىمنىڭ قەلەم بىلەن پۈتكىنى دەل شۇ قەلبىنىڭ بەرگىنى ئىدى. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ بەزى قىزلىرىمىز بۇ پاك زېمىنغا شۇنچىلىك كۆيەلمىدى ۋە ئۇنى شۇنچىلىك سۆيەلمىدى.

مەن بېيجىڭدىن كەلگەن بۇ خانىمنى ھەمراھلىرى بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئۈزىتىپ قويۇپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندە سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ قەدىمكى پايتەختى كونيا شەھىرىدە شەرق تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ پىر ئۇستازى، داڭلىق شائىر مەۋلانە جالالىدىن رۇمى (1207 ـ 1273) ھەزرەتلىرىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ، ۋەتەننى بىر قېتىم كۆرۈشنى تۈتىيا بىلىپ، ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا كۆيۈپ پۈچىلىنىپ چۆل ـ چۆل بولۇپ كېتىۋاتقان، ياش قۇرامى مېنىڭ قىزلىرىمچىلىك كېلىدىغان تەقۋادار بىر ئۇيغۇر قىزىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئېيتقان بايىقى سۆزىنى شۇ قىزنىڭ ئەمەلىيىتىدە كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ، كونيادا ئوقۇۋېتىپتۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇئەللىمە بولىدىكەن. گەرچە ئۇنىڭ كىندىك قېنى ئاناتولىيىگە تۆكۈلگەن بولسىمۇ، ئانا يۇرتى تەكلىماكاننى زادى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. ئۇ، ئۇيغۇرچىنى شۇنداق پاساھەتلىك سۆزلەيدىكەن. ئۇ، تەكلىماكان ۋادىسىدىكى قەدىمكى يۇرتلارنى كۆرسەم، دېگەن ئارزۇ بىلەن شېرىن خىياللار دۇنياسىدا ياشايدىكەن. مەن ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان بۇنچىۋالا سېغىنىشىنى چۈشەنگىنىمدىن كېيىن، ۋەتەن خەلقىنىڭ سالىمىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدۈم، ئۇنىڭ ئوقۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىنى ئۈمىد قىلدىم، كەلگۈسىدە پۇرسەت بولغاندا ۋەتەنگە كېلىپ كۆرۈپ كېتىشىنى تەۋسىيە قىلدىم، ۋەتەننىڭ ئۇچقاندەك تېز ئىلگىرىلەۋاتقان تەرەققىياتىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردۇم. مېنى ئەنقەرەدىن كونياغا زىيارەتكە ئاپارغۇچى ساھىبخان ۋە ئارقاداشلىرىمدىن مۇستافابەي، ئىرپانبەي، خالمۇھەممەدبەيلەر بىز «ئاتا ـ بالا» بۇ ئىككيلەننىڭ تاساددىپىي ئۇچرىشىشىدىن شۇنداق خۇشال بولۇشتىكى، ئۇنى دەرھال ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن «ۋ-قۇرغۇي» ماركىلىق كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇشتى. بىز ئۇنىڭ يول باشلىشىدا مەۋلانە جالالىدىن رۇمىنىڭ زامانىدىشى ۋە دىندىشى مەشھۇر تەسەۋۋۇپ پەيلاسوپى شەمسىدىن تەبرىزى (ۋاپاتى 1247 ـ يىللار)نىڭ قەبرىسىنى يوقلىدۇق. 12 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان سەلجۇقلار ۋاقتىدىكى شارافىدىن جامەسى. ئەلائىددىن كەيقۇباد جامەسى (جامە ئىچىگە ئەلائىددىن كەيقۇباد، سۇلتان مەسئۇد، قىلىچ ئارسلانخان، رۇكنۇددىن سۇلايمان ۋە غىياسىددىن كەيخۇسراۋ قاتارلىق سەلجۇق سۇلتانلىرى دەپنە قىلىنغان) ۋە قاراتاي مۇزېي قاتارلىق ئاسارئەتىقىلەرنى زىيارەت قىلدۇق. ئاندىن مەۋلانە جالالىددىن رۇمى قەبرىسى يېنىغا كېلىپ دەرۋىش بەينىڭ «مەۋلانە سۇفراسى»دا تۈرك غىزالىرى بىلەن غىزالاندۇق. ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ قىزنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى مەن ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ماڭا يازغان مەكتۇبىدىن بىلدىم. ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى بېيجىڭلىق خانىمنىڭ بىزنىڭ بۇ يەرگە بولغان مۇھەببىتىدەكلا ئىسسىق ئىدى.

— بۈگۈن خۇددى مۆجىزىگە ئوخشاش بىر ئىش يۈز بەردى ـ ھە، يۇسۇپجان ئاكا، ـ دېيىشتى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى ھەيرانلىقتا.

— شۇنداق، مۆجىزىگە ئوخشاش ئىش يۈز بەردى. سىزلەر مېنى ئاياللار ھەققىدە ماقالە يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلمىغان بولسىڭىزلار، مەن يازمىغان بولسام، ماقالەم «بۇلاق»تا ئېلان قىلىنمىغان بولسا، «بۇلاق» گۇاڭجۇغا بارمىغان بولسا بەلكىم بۇ مۆجىزىگە ئوخشاش ئىش يۈز بەرمىگەن بولار ئىدى.

بىز شۇنچىلىكلا سۆزلەشتۇق. گەرچە ھەممىمىز ناش-

تىلىق قىلغان بولساقمۇ، بۇ بىزگە يەنە ئۆزگىچە بىر ناشتىلىق بولدى. شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇ كۈنى قايتىدىن بىر كۈنگە ئەمەس، پۈتكۈل 2003 – يىلىغا يېتىپ ئاشقىدەك بىر ناشتىلىق يېدۇق. بۇ ناشتىلىق زەھەردەك ئاچچىق ۋە ھەسەلدەك تاتلىق ئىدى.

مەن بۇ مەسئۇلىيەتچان ۋە ئەستايىدىل مۇھەررىرلەر بىلەن خوشلىشىپ نەشرىياتتىن ئايرىلدىم ۋە ماڭىدىغان چاغدا ئۇلارغا ناۋادا بايىقى قىز شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ تېلېفون بېرىپ قالسا مېنى خەۋەرلەندۈرۈشنى تاپىلدىم ۋە مۇنداق دەپ سۆزۈمنى تۈگەتتىم:

—بىز ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىككى ئىش قىلىپ قويايلى، بىرى، ئۇنى يامان يولدىن تەزدۈرۈپ ياخشى يولغا باشلايلى، يەنە بىرى، ئۇنىڭ بىز ئورۇنداپ بېرەلىگىدەك قانداق تەلەپلىرى بولسا ئورۇنداپ بېرەيلى!

«گۇاڭجولۇق قىز»نىڭ تېلېفون ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىلغان – ئەتكەنلىرىگە توۋا قىلىشى رەسۇلللاھ زامانىسىدىكى گۇناھكار ئايال ھەمدەنىڭ ئەھۋالىغا ئەجەب ئوخشايدىكىنا؟

مەن تېخى پىچىرلىشىمنى تۈگەتمەي تۇرۇپ،

—شۇنداق، ئوخشاشلىقى بار ئوغلۇم، — دېگەن توساتتىن بىر ئاۋاز پىكىر خىيالىمنى بۆلدى.—بىراق، رەسۇلللاھ دەۋرى بىلەن بىزنىڭ دەۋرىمىز ئارىلىقىدا 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى، ئوخشمايدىغىنى مانا مۇشۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىنىكى، ھەرگىز «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلما!

بۇ ئاۋاز گۈلدۈرمامىدەك جاراڭلىق ئىدى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدىم، كۆكتە بىر يېشىل نۇر تۇراتتى. كۆڭلۈمدە ئويلىغان خىياللىرىمنى بىر – بىرلەپ بىلەۋالغان ھەم ماڭا خىتاب قىلىۋاتقان بۇ زات مەن بايا كۆرگەن مۇقەددەس قەبرە شەيخىدەك بېشىغا سەللە يۆگىمەگەن، ئەكسىچە ئەپەندىمچە چاچ قويۇپ، ئۇچىسىغا غەربچە كاستۇم كىيگەن، كۆزىگە كۆزەينەك تارتىپ بوينىغا گالستۇك تاقىغان ئۆزى جۇدەڭگۈ، يۈزى سوزۇنچاق، بۇرۇتلۇق كەلگەن مۇسا جارۇللاھ ھەزرەتلىرى بولۇپ، ئۇ ئەمدى ھايت – ھۇيت دېگۈچىلا خۇددى پاراشوتچى ئەكەردەك ھېلىقى كۆكتە كۆرۈنگەن يېشىل نۇر ئىچىدىن قانات قېقىپ زېمىنغا چۈشتى.

2003

—ئېيتقانلىرى بەرھەق ئۇستاز،—دېدىم مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئالدىراش ئۇنىڭغا ئېگىلىپ.

—مەن 30 – يىللاردا قەشقەرنى كۆرمەك ئۈچۈن ئاتايىتەن بۇ بەرىكەتلىك زېمىنغا كەلگەنمەن،—دېدى ئۇ، ئۇ بىزنىڭ بۇ يەرلىكلەرنىڭ تەپەككۇرىغا ئوخشمايدىغان بىر خىل تەپەككۇر بىلەن سۆزلەيتتى.

—مەن قەشقەرگە كەلگەندە پۈتكۈل قەشقەر شەھىرى تەۋرەپ كەتتى. باي – بايۋەچچىلەر، ئالىم – ئۆلىمالار، بەگلەر ۋە ئەمەلدارلار مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىۋېلىش غەرىزىدە پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى، ئەمما مەن بىر – بىرلەپ رەت قىلدىم ۋە:

—ئى ئۇلۇغلار! ماڭا مۇنچە قىلىشىڭلار سەۋەبى نېمە؟! ... ماڭا پەقەت ئۇشبۇ ئەزىزانە قەشقەرنى زىيارەت قىلىشقا پۇرسەت بەرسىڭىزلەرلا بولدى،—دېدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن رەستىلەرنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. مېنىڭ كەينىمدىن بىرەر يۈزچە يۇرت كاتتىسى سۆرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بولسا يەنە نۇرغۇن پۇقرالار ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. مەن ئايلىنا – ئايلىنا ئاخىرى بىر پاھىشەخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم. شۇ چاغدا بۇ يەردە پاھىشەخانىلار جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك ئوچۇق – ئاشكارا تىجارەت قىلىدىكەن. مەن دەسلىپىدە بىر ئاز ئىككىلەندىم، كېيىن پاھىشەخانىغا ئۇسسۇپلا كىردىم. بۇنى كۆرگەن يۇرت كاتتىلىرى بىر ھازاغىچە ئۆزئارا دە – تالاشقاندىن كېيىن ئامالسىز مېنىڭ ئارقامدىن پاھىشەخانىغا كىرىشتى. بۇنى كۆرگەن پاھىشە ئاياللار چەكچىيىپ قاراپلا قالدى. سىرتتىكى ئاۋام پۇقرالارمۇ: نېمە ئالامەت بۇ؟! دەپ ھەيران بولۇپ ھەم قىزىقىپ، پاھىشەخانىنىڭ ئالدىغا ئولىشىۋېلىشتى.

—ئەي، سىلىڭچىقىم! نېمە سەۋەبتىن تېنىڭىزنى ساتىسىز؟! ھالبۇكى، سىز ۋە سىزلەرگە ئوخشاش قىز – خاتۇنلىرىمىز بىزنىڭ بارلىقىمىز، ئار – نومۇسىمىز ۋە ئەڭ قىممەتلىك كىشىلىرىمىز ئىدىڭىزلەرغۇ! سىزلەر مىللەتنىڭ بىر قانىتى ئەمەسمۇ؟!—دەپ سورىدىم بىر پاھىشە ئايالدىن.

بۇنى ئاڭلىغان پاھىشە ئايال بىر چىققىلىپ پاڭىڭىدە يىغلاپ تاشلىدى ۋە:

—جاھان قاتتىقچىلىق! ئامالسىز بۇ يولغا كىرىپ

قالدۇق ... بىزنى قۇتقۇزىدىغان ئەرەنلەر يوق!!ــــدېدى. بۇنىڭ بىلەن پاھىشە ئاياللارنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە ھەشلدىشىپ، كېيىن بولسا ئۈن سېلىپ يىغلىغىلى تۇردى. مەن يەنە سورىدىم:

ــــئەي سىڭىلچاقلىرىم! سىزلەر پاھىشە قىلغاندىن كېيىن بويىڭىزلەرنى سۇغا سالامسىزلەر؟

ــــبەزىدە سالالايمىز، بەزىدە سالالمايمىز،ــــدېدى پاھىشە ئاياللار.

مەن بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدىم:

ــــبۇنىڭدىن كېيىن پاھىشىنى داۋام ئېتتۈۋېرىڭىزلەر. ئەمما ھەر قېتىم پاھىشە قىلغاندا جەزمەن بويىڭىزلەرنى سۇغا سېلىڭىزلەر، مانا مۇشۇ تەرىپىگە دىققەت قىلسىڭىزلارلا، باشقا ئاقىۋەتكە سىزلەر مۇناسىۋەتسىز!

شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئەتراپىمدا تۇرغان پۈتكۈل يۇرت كاتتىلىرى ھەيرانۇھەس بولۇپ كېتىشتى ۋە ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ:

ــــيا ئىبراخۇدايا خۇداۋەندىكېرەم! بۇ قانداق پەتىۋا، بۇ قانداق گەپ ئۆزى! بۇ قانداقمۇ پۈتكۈل ئىسلامىيەت دۇنياسىغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل روھىيەت دۇنياسىغىمۇ مەشھۇر بولغان مۇتەپەككۇر ئالىمنىڭ سۆزى بولسۇن! بۇ قانداقمۇ ئۆلىمائى ئىسلامنىڭ سۆزى بولسۇن!ــــدېيىشىپ ماڭا لەنەت ئوقۇشتى. ئاۋام پۇقرالار ھەيران قېلىشتى. مەن كۈلدۈمــــدە، مۇنداق دېدىم:

ــــسىزلەر كەبى يۇرت كاتتىلىرى بار بۇ ئەزىز يۇرتتا خاتۇن ـ ئاجىزەلەر مانا مۇشۇنداق يولغا كىرگەنىكەن، ئۇشبۇ ئەمەلىيەتكە مۇشۇنداق دېمەي يەنە نېمە دېگۈلۈك! ئاللا ئاتا قىلغان شۇنچە كۆپ پۇل ـ مېلىڭىزلەرنى ئېقىن سۇ كەبى ئىسراپ قىلىپ ئەيش ـ ئىشرەتكە سەرپ قىلىشقا ئۈنىغان كۆڭۈللىرىڭىز نۆۋەتىدە يوقسىزلۇق ۋە قاتتىقچىلىقنىڭ دەستىدىن مۇشۇ يولغا كىرىپ  قالغان قىز ـ خاتۇنلىرىڭىزلەرگە مەكتەپ ئېچىپ ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا، ئۇلارنىڭ شىكەستىلەنگەن غېرىب كۆڭۈللىرىگە ئۈمىد پەنەرلىرىنى يېقىشقا ئۇنىۇماپتۇ. يەنە جاۋاب بېرىڭىزلەركى، ئاللا ئاتا قىلغان شۇنچە زور ھوقۇق ۋە كۆپ پۇل ـ مېلىڭىزلەرنى بۇ دۇنيادا مانا مۇشۇنداق پاھىشەخانىلارنى يوق قىلىدىغان ئەلىڭ خەيرلىك ئىشلارغا ئىشلەتمەي ۋە سەرپ قىلماي گۆرىڭىزلەرگە ئەكىتەلەيتىڭىزلەرمۇ؟! مۇشۇنىڭدەك بۇزۇلۇشلارغا ئاللاتائالا ھەر ئىككى ئالەمدە ھەر بىرىڭىزلەردەك يۇرت كاتتىلىرىدىن قاتتىق ھېساب ئالىدۇ!

مېنىڭ ئىككى قولۇم تېخىچە كۆكسۇمدە تۇراتتى. جارۇللاھ ھەزرەتلىرى بولسا قەشقەر تۈرلىرى بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىدىن مېنى ۋاقىپلاندۇرۇپ بولۇپلا ھېلىقى يېشىل نۇر بىلەن بىللە كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

ــــبۈگۈن بىز يولۇقۇۋاتقان مۇشۇنداق ئەھۋالنى كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن جارۇللاھ ھەزرەتلىرى بۇنىڭدىن 70 يىل بۇرۇن ئەنە شۇنداق ھەل قىلغانىكەن ـ دە! شۇ تاپتا ئالدىمغا قويۇلغان سوئاللارنىڭ جاۋابلىرى بىر ـ بىرلەپ تېپىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەگەر ئادەم ئادەمدەك ياشاپ زەھەرنى رەت قىلسا، زەھەر ئادەمدىن بۇرۇن يوقىلىدۇ، ئەگەر ئادەم ھايۋاندەك ياشاپ زەھەرنى قوبۇل قىلسا، ئادەم زەھەردىن بۇرۇن يوقىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى بىر كىتابىمدا ⑦ ، «زامان تۈزەلسە يامان تۈزىلەمدۇ» ياكى «يامان تۈزەلسە، زامان تۈزىلەمدۇ» دېگەن مەسىلىدە بەزىلەرنىڭ «زامان تۈزەلسە، يامان تۈزىلىدۇ» دېگەن پىكرىگە زىت ھالدا «ئۇنداقتا زاماننى كىم تۈزەيدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ، «زاماننى تۈزەش» بىلەن «ياماننى تۈزەش»نىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى يېشىپ، يامانلارنى بەدەل تۆلەش ئارقىلىق تۈزىگەندە ئاندىن زاماننىڭ تۈزىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بۈگۈن ئالدىمغا «زامان» ۋە «يامان» مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ شاخچىسى بولغان بىر جاننىڭ ھاياتلىق ـ ماماتلىق مەسىلىسى قويۇلغانىدى.

بۈگۈن بىر ئادەمگە قىيامەت بولماقتا ئىدى. مەن ئۇنىڭ قىيامەتتىن قۇتۇلۇپ يورۇق دۇنياغا چىقىشىنى تىلىدىم.

ئادەم ئۆلىدۇ، ئەمما ئۆلۈمنىڭ مەنىسى ئوخشاشمايدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن: «بەش نەرسە كېلىشتىن بۇرۇن بەش نەرسىنى غەنىيمەت بىل. ئۆلۈشتىن بۇرۇن ھاياتلىقىڭنى، ئاغرىقتىن بۇرۇن سالامەتلىكىڭنى، مەشغۇلىيەتتىن بۇرۇن بوش ۋاقتىڭنى، قېرىلىقتىن بۇرۇن ياشلىقىڭنى، پېقىرلىقتىن بۇرۇن باي ۋاقتىڭنى». بۇ بەش نەرسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بۇلار كېتىپ ئورنىغا زىتلىرى

كەلگەندىن كېيىن بىلىنىدۇ. بۇنى ھەركىم ئۆز تەجرىبىسى بىلەن بىلىدۇ. ئەمما بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، مەغرۇرلۇق بىلەن يۈرۈۋېرىدۇ، شۇ جەھەتتىن بولسا كېرەك، رەسۇلۇللاھ بۇلارنى ئۈممەتلىرىگە خاتىرىلىتىدۇ ۋە غەپلەت قىلماسلىققا تەنبىھ قىلىدۇ.

ئادەم بالىسى بۇ دۇنيادا ھەمىشە مۇشەققەت بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ ۋە بولغان ـ بولمىغان ۋەقەلەر بىلەن ھەسرەتلىنىپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە، ھەقىقي ئىلىم ـ مەرىپەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۆمۈرلىرى بوش نەرسىلەر، قۇرۇق خىيال ۋە ئۈمىدلەر بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھايات توختىشى بىلەن ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەمىلىمۇ توختايدۇ. ئىككى ئۈچ تۈرلۈك نەرسىدىن باشقا، ئارقىسىدىن بارىدىغان ھېچ ساۋابلىقى قالمايدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا تۇرۇپ ئۇ دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدىن بېرىپ تۇرىدىغان ساۋابلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى «ھايات»نى غەنىيمەت بىلىش، قانداقلىكىن بولمىسۇن ياخشى نىيەت، پاك كۆڭۈل بىلەن بۇ دۇنيادا بىر ساۋابلىق ياخشى ئىش قالدۇرۇشى لازىم. ساۋاب ۋە ياخشىلىقنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق، ئاز ـ كۆپلۈك قىلمايدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەزەلدىن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدىكى رەھىمسىز كۈرەش زادى توختىغان ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بىر نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى مىسىرلىقلار ئۆلگۈچىلىرىگە ئۇ دۇنيا ھاياتىدا كېرەكلىك نەرسىلىرىنى تەييارلايتتى. ئۆلۈكنىڭ كېپىنىگە شېئىر ۋە پەندى ـ نەسىھەت مەزمۇنىدىكى كىتابلارنى قوياتتى. ئۇلار ئىبادەتخانىلىرىغا ئادالەت، ھېساب بېرىش، توۋا قىلىش ۋە جازا مەزمۇنلىرىدىكى رەسىملەرنى سىزاتتى. ئەينى چاغدا ئىنددىئانلار ئەڭ چوڭ قانائەت «ئۇ دۇنيا»دا، يامان ئادەملەرنىڭ روھى بىر نەچچە مىڭ يىل، ھەتتا بىر نەچچە مىليون يىل قىينالغاندىن كېيىن باشقا جانلىقلارغا ئالمىشىدۇ، تاكى ئۇ ھەقىقەتنى تونۇپ، تەن ۋە روھنى پاكلاپ، يامانلىقلارنى ياخشىلىققا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن «ئۇ دۇنيا» مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ، دەپ قارايتتى. پىرىسىيدىكى ئاتەشپەرەسلەرمۇ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، قاراڭغۇلۇق ئىلاھى بىلەن يورۇقلۇق ئىلاھى ئارىسىدىكى كۈرەشلەرنى ئىنكار قىلمايتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەيسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ دىنلىرى مەڭگۈلۈك ھايات ۋە خۇدانىڭ خۇرسەنلىكى ۋە غەزىپى ھەققىدىمۇ بايان قىلغانىدى.

1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە توپتوغرا بەش ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. ئەمما «گۇاڭجۇلۇق قىز»دىن ھېچبىر خەۋەر يوق. تېلېفونىمۇ كەلمىدى، ئۆزىمۇ كۆرۈنمىدى، بىر ھەپتىدىن كېيىن يولغا چىقالايمەن، دېگەن بۇ قىز ئۈن ـ تىنىسىزلا يوقاپ كەتتى. ئەمما ئارىدىن 20 كۈن ئۆتكەندە يەنى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شۇنداق بىر غەلىتە ئىش يۈز بېرىپ، ئۈرۈمچىدە ئادىلە ئاتلىق بىر قىز پەيدا بولدى. شۇ كۈنى ئۇنى «ئۈرۈمچى سەھەر گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى كالىڭ شىلىڭ شىمىن ساقچىخانىسىدىن تېپىۋېلىپ خوتەننىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئاپىرىپ بەردى ۋە 29 ـ كۈنى «ئۇنىڭ ئۆيىنى كىم بىلىدۇ؟» دەپ ماقالە يازدى. ئارقىدىنلا ئۈرۈمچى شىمگو رايونلۇق خەلق ئىشلار ئىدارىسى ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن خوتەن ئىش بېجىرىش ئورنىدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كەتتى. 31 ـ كۈنى شىنجاڭ گېزىتىدە مۇخبىر تۇرسۇنگۈلنىڭ «قىزچاق، سىز كىم؟ ئۆيىڭىز نەدە؟» ماۋزۇلۇق ماقالىسى ئېلان قىلىندى، قىزغا ۋاقىتىنچە «ئىگە» بولىدىغان ئادەم چىقتى.

ئەسلىدە «گۇاڭجۇلۇق قىز» ئادىلەنى تۇرپانلىق نامەلۇم بىر ئايال گۇاڭجۇدىن ئۈرۈمچىگە بىللە ئالغاچ كېلىپ، شىمىن ساقچىخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپلا كېتىپ قالغانىدى. نېمىشقىكىن، ساقچىخانا خادىملىرى خوتەننىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا تېلېفون بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كېتىشنى بۇيرۇدى. خوتەن ئىش بېجىرىش ئورنى بۇ تەسادىپىي بۇيرۇقنى ئىلىك ئالمىدى، شۇ تۈپەيلى بۇ ئىككى ئىدارە ئوتتۇرىسىدا دەتالاشمۇ كېلىپ چىقتى. ئاخىرى خوتەن ئىش بېجىرىش ئورنى مەسئۇلى «ئۈرۈمچى سەھەر گېزىتى» ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ ئۇلاردىن يۇرتى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان بۇ قىزنى گېزىتكە يېزىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، «ئۈرۈمچى سەھەر گېزىتى» مۇخبىرى كالىڭ شىلىڭ بۇ قىزنى زىيارەت قىلىپ شىمىن ساقچىخانىسىغا كەلدى ۋە بۇ «گۇاڭجۇلۇق قىز» ھەققىدە خەۋەر يازغان

تۈنجى مۇخبىر بولۇپ قالدى.

بۇ قىزنىڭ تۇيۇقسىز ئۈرۈمچىدە پەيدا بولۇپ قېلىشى مەندە بۇنىڭدىن 20 كۈن ئىلگىرى ماڭا گۇاڭجۇدىن تېلېفون بەرگەن قىز شۇ بولۇشى مۇمكىنمۇ يە؟! دېگەن گۇماننى پەيدا قىلدى. چۈنكى، گۇاڭجۇدىن ماڭا تېلېفون بېرىلگەن ھېلىقى كۈنى بىر تۇيغۇمدا ئۇ كوچىدىكى ئاممۋى تېلېفون بوتكىسىدىن تېلېفون بېرىۋاتقاندەك، بىر تۇيغۇمدا ئۆزىگە قۇلايسىز بولغان ئەنسىز بىر مۇھىتتا سۆزلەۋاتقاندەك، بىر تۇيغۇمدا ئەتراپىدا ۋاڭ ـ چۇڭلار ياكى بىر كىچىك بوۋاقنىڭ يىغىسىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلاتتى. شۇڭا شۇنىڭدىن كېيىن مەندە قانداقتۇر ئۇ قىزغا بىرەر پېشكەللىك كېلىدىغاندەك، بىرسى زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدىغاندەك خىيال پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى.

«گۇاڭجۇلۇق قىز» ئادىلەنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلىپ داۋالىتىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى گېزىتتىن كۆرگەندىن باشلاپ بۇ قىزنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ بەزى يەرلىرى ماڭا تېلېفون بەرگەن قىزنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىسا، بەزى يەرلىرى ئوخشىمايتتى، زىددىيەتلىك ئىدى.

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، يەنى گۇاڭجۇدىن تېلېفون كېلىپ ئۈچ ئاي بىر كۈن ئۆتكەندە مەن خوتەن ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى يالقۇن ئەپەندى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ ئادىلەنىڭ ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ سورىدىم. ئەتىسى يەنى 8 ـ كۈنى ئۇنىڭ ھاۋالىسى بىلەن «ئۈرۈمچى سەھەر گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى كاڭ شىڭ قاتتىق يېغىۋاتقان قار، يامغۇر مەينەتچىلىككە قارىماي مېنى ئىزدەپ كەلدى، 9 ـ كۈنى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مۇخبىرى تۇرسۇنگۈل كەلدى. يالقۇن ئەپەندىنىڭ، كاڭ شىڭنىڭ ۋە تۇرسۇنگۈلنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇ قىزغا قانچىلىك ھېسداشلىق قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتتىم. ئۇلارنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە، قىز يېڭى كەلگەندە ئۇستىۋېشىغا خېلى يۇزۇر كىيىنگە بولۇپ، ئۇ كىيىملەر يۇزۇرلۇقىغا قارىماي مەينەت ۋە بەتبەشىرە ئىدى، ئۇ ئەس ـ ھوشىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان، چوڭ ـ كىچىك تەرىتىنى تۇتالمايتتى. بەدەنلىرىدە جاراھەت ئىزلىرى كۆپ ئىدى. قانداقتۇر بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندەك بولۇپ چۆچۈپلا تۇراتتى، تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەيتتى. بەزىدە ئىسمىنى ئادىلە دېسە، بەزىدە ئابىدە دەيتتى.

مۇخبىر كاڭ شىڭ بىلەن تۇرسۇنگۈلنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىگىلىشىچە، بۇ قىز دەسلىپىدە ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋە بۇ يەردىكى خۇسۇسىيلار ئاچقان بىر ئۇسسۇل مەكتىپىدە ئۇسسۇل ئۆگەنگەن، ئاندىن كېيىن تۇرپانغا بارغان، ئاندىن كېيىن تۇرپانلىق × × نىڭ باشلىشى بىلەن نەنجىنگە بارغان، ئاندىن ئۇ يەردىن گۇاڭجۇغا بارغان.

—بۇ قىز بىلەن بىللە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارغان يەنە 13 نەپەر قىز بار، بۇلار جەمئىي 14 نەپەر قىز. ئۇلار نامدا ئويۇن قويغىلى بارغان، ئەمما ئويۇن قويمىغان— دېدى مۇخبىر كاڭ شىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇۋېتىپ— ئۇ ئىچكىرىگە بېرىپ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى زادى ئېيتمىدى، قانداقتۇر بىر نەرسىنى يوشۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ ...

مەن كاڭ شىڭنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاۋېتىپ بۇنىڭدىن 25 يىل ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر ۋىلايەتتە ئۆزۈم تەكشۈرگەن ھېلىقى قىزلارنى ئالداپ سېتىش دېلوسىنىڭ داۋامىنى رازۋېدكا قىلىۋاتقاندەك بولدۇم ...

رازۋېدكىمىز داۋام قىلماقتا، ئەسىر يېزىلماقتا ...

مۇقەددەس قەبرە شەيخى يەنە پەيدا بولدى.

—نېمىشقا ئۇ قىز توغرىسىدا يازمايسەن ئوغلۇم،— دېدى ئۇ يەنە شۇ ئاۋۋالقى گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى بىلەن.

—يازدىم، شۇ تۇپەيلىدىن ئۇ مەن بىلەن تونۇشۇپ قالغان، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغان.

—يېزىشىنغۇ يازدىڭ، ئەمما تولۇق يازمىدىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئالىم بول، ياكى تەربىيىلىگۈچى بول، ياكى ئىلىمنى ئاڭلىغۇچى بول، ياكى ئىلىمنى دوست تۇتقۇچى بول، بەشىنچىسى بولۇپ قالما، يەنى نادان بولما، ھالاك بولىسەن» دېگەنىدى. قولۇڭدىن كەلسە، ئىمكان يار بەرسە ئالىم بول، بۇ ئىش نېسىپ بولمىسا، ئوقۇغۇچى ياكى ئىلىم ئىزدىگۈچى بول، بۇنىڭغىمۇ مۇيەسسەر بولالمىساڭ، ئىلىم مەجلىسلىرىدە ئىلىم تىڭشىغۇچى بول، بۇنىڭغىمۇ يېتىشەلمىسەڭ، ئىلىمنى سۆيگۈچى بول. ئەمما ئىلىمنى دۈشمەن كۆرگۈچى بولما، چۈنكى،



هالاكلىق ئۈنىڭدىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «قەلەم دۇنيانىڭ ئىززىتى ۋە ئاخىرەتنىڭ شەرىپىدۇر» دېگەن. سەن تىلغا ئالغۇچىلىكى بارمۇ، يوق دېگەنلەر ئۈستىدە ئويلىشىپ ئولتۇرماي، ئەقلىڭ بىلەن تەپەككۇر قىلىپ ھەرقانداق ۋەقەنى چىنلىقى بىلەن ياز! چۈنكى، سېنىڭ ۋەزىپەڭ خان، پادىشاھلارغا ھەمدۇسانا ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ يامان قىلىقلىرىنى يېپىش ئەمەس، بەلكى بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى تارىخ قىلىپ يېزىپ ئۇنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇشتۇر. شۇنداق قىلالىساڭ، تارىخ ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەيلى قانداق ئېسىل ياكى پەس كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سېنىڭ ئۈگۈت ـ نەسىھەتلىرىڭدىن مەنپەئەت ئېلىپ، گۈزەل ئەخلاق بىلەن يامان قىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بايقىۋالالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ھەرقايسى پادىشاھ، خان ئوردىلىرىنىڭ جاھانغا ئايان بولغان ئەلنى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئەينەك قىلىپ ئۆزىنى ئىدارە قىلالايدۇ. ئىنسانلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا ئۈندەپ يامان قىلىقتىن تەزدۇرەلەيدۇ.

سەن ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي دوستى، ئۇلارنىڭ دائىم سەن بىلەن سۆھبەت قۇرغىسى كېلىدۇ، بىراق سەن ئۇنىڭدىن بىخەۋەر پىنھان يۈرىسەن. ياز! ياز! يازغىن ئوغلۇم! يازغانلىرىڭدىن ياخشىلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، يامانلارنىڭ تىلى تۇتۇلسۇن! چۈنكى، سېنىڭ يولۇڭ توغرا يول !!

① ئالتە خىل تەركىبلىك ئەگرى سۇناي كۆمۈلچى ـ بىر خىل مۇرەككەپ تەركىبلىك جۇڭيى دورىسى بولۇپ، خەنزۇچە «ليۇۋېر دىخۇاڭۋەن (六味地黄丸) دېيىلىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە شىنجاڭلىق خەنزۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئىستاتا ئېلىپ بۇ يەردىكى قوي، كالا گۆشىنىڭ بەلەنلىكىگە نىسبەت قىلىدۇ.

② تۆرۈ ـــ ئۇيغۇر قەدىمكى قانۇن ـ يوسۇنلىرىنىڭ نامى. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» كىتابىدا ئۇنى «يۇرت تاشلىنىپ قالسىمۇ، قائىدە ـ يوسۇن تاشلانمايدۇ» دېگەن مەزمۇندا ئىزاھلىغان. بۇ يەردە ئاپتور ئۇنى ئۆزى باشقا يۇرتلارغا كېتىشى بىلەنلا ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۇنتۇپ، باشقىلارنى دوراپ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە كىنايە قىلىدۇ.

③ مۇستەغنى ـــ بىهاجەت.
④ ئاقار سۇ كانارى ـــ ئېرىق بويلىرى، دەريا بويلىرى.
⑤ نىھايىتى يوق فازانى ـــ بوشلۇق، چەكسىز بوشلۇق.
⑥ شۇيلە ـــ شۇنداق، ئاشۇنداق.
⑦ بۇ ئاپتورنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «قۇتادغۇبىلىك ۋە قانۇن» دېگەن ئەسەرىنى كۆرسىتىدۇ.
⑧ ئىستىپادە ـــ پايدىلىنىش، بەھرىمەنلىنىش.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىدىن)

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى


**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

بۆلۈمىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2002 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

ئېھتىياجى بولغانلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئالاقىلەشكۈچىلەر: ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەمتىمىن

تېلېفون: 4554017






(بېشى ئۆتكەن ساندا)

**چاقانوف:** چىكە، زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغ كومپوزىتورى دىمىترىي شوستاكوۋىچ (رۇس كومپوزىتورى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلق ئارتىسى) ۋاپات بولغاندا «مۇزىكا ھاياتى» دېگەن ژۇرنالدا «سەنئەتكار سىماسىنى ئەسلەپ» دېگەن ئەسلىمىڭىز ئېلان قىلىندى. بۇ قىسقا يېزىلغان ئەسلىمىدىن بىر - بىرىڭلارنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشىنىشىپ دوستلىشىپ ئۆتكەنلىكىڭلارنى بىلگىلى بولىدۇ.

**ئايتماتوف:** ئۇنىڭ بىر سىمفونىيىسى «دىمىت - رىي شوس - تاكوۋ - ىچ» دەپ باشلىناتتى. ئاشۇ ناۋانى ئاندا ساندا ئاڭلاپ قالسام، ئۇلۇغ كومپوزىتور بىلەن دىدارلاشقان، سىرداشقان چاغلىرىم ئېسىمگە چۈشىدۇ. دەسلەپ شوستاكوۋىچ بىلەن موسكۋادا لېنىن ۋە مەملىكەت مۇكاپاتلىرى ھەيئىتى بىناسىدا ئۇچراشتىم. توۋار دوۋسكى (ئاتاقلىق رۇس شائىرى) ئىككىسى ۋەزمىن قەدەم تاشلاپ پاراڭلىشىپ كېلىۋاتقانىكەن. ئالېكساندىر توخۇنوۋىچ مېنى كۆرۈپلا:

—دىمىترىي دىمىتروۋىچ، تونۇشۇپ قويۇڭ، بىز گېپىنى قىلىۋاتقان ئايتماتوف دېگەن يىگىت مۇشۇ بولىدۇ،—دېدى. شوستاكوۋىچ چىرايىمغا بىر قارىدىدە، ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن جىلمىيىپ، تەڭلىگەن قولۇمنى يۇمشاققىنە قىستى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەيئەت يىغىنلىرىغا بىللە قاتنىشىپ يۈردۇق. شوستاكوۋىچ سۆز نۆۋىتىنى ئالغاندا ھەمىشە سىياسەتنىڭ چومىقىنى چۆرۈيدىغان ئەسەرلەرنى چەتكە قېقىپىراق، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئەسەرلەرنى قوغداپىراق سۆزلەيتتى. كۆز قاراشلىرىمىز دائىم بىر يەردىن چىقاتتى.

بىر قېتىم پاراڭىمىز شېكسپىرغا مەركەزلەشتى.

—ئارىمىزدا گاملېتلار بىلەن لىر پادىشاھلار (شېكسپىر ئەسەرلىرىنىڭ پېرسوناژلىرى) بارلا بولىدىكەن، شېكسپىر مەڭگۈلۈك،—دەپ شوستاكوۋىچ گەپنى بۈگۈنكى ئىنسانپەرۋەرلىك مەسىلىلەرگە بۇرىۋىدى، بىردىنلا كومپوزىتورغا:

—يېڭى شېكسپىرنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوئال قويدۇم.

—شېكسپىرنىڭ ئۆزى بولمىغىنى بىلەن شېكسپىر بىلەن تەڭداش باشقا بىر دانىشمەننىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى چوقۇم.

—مېنىڭ بۇنىڭغا گۇمانىم بار.

—لېكىن، مەن ئىشىنىمەن،— دەپ كومپوزىتور ئۆز
پىكرىدە چىڭ تۇردى،— يېڭى شېكسپىرنىڭ دۇنياغا كې-
لىشىگە هازىرقى زاماندا ئىمكانىيەت ئىنتايىن كۆپ، چۈن-
كى هېچقانداق بىر ئەسىردە هەر تەرەپتىن كامالەتكە
يەتكەن ئادەمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇرۇنمۇ،
كېيىنمۇ بۈيۈك ئىقتىدار پەيدا بولىدۇ - دە، دۇنيانى
سەنئەت قۇدرىتىگە يېڭىۋاشتىن باش ئەگدۈرىدۇ،— دېدى.
مەن بۇ سۆزلەرگە ئىختىيارسىز بويسۇندۇم.

—چىڭغىز، دېدى ئۇ ماڭا يەنە،— ساڭا ئىككى تەلىپىم
بار. بىرىنچىسى، قەهرىمانلىرىڭنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى كۆز
قاراشلىرىنى قولۇڭدىن كەلگەنچە تىرەنلىتىۋەر؛ ئىككىن-
چىسى، ساناقلىق ئۆمرۈڭنىڭ هەر بىر مىنۇتىنى هېسابلا.
ئىجتىمائىي ئىشلارغا كۆپ ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلىۋاتىسەن،
بۇ مەندىن ئالغاندا مېنىڭمۇ قاقشاپ يۈرگىنىمنى بىلە-
سەن،— دېدى. كلاسسىكنىڭ ئاتىلارچە نەسىھىتىنى هايات-
نىڭ تۈرلۈك تەمەن دولقۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ يۈرۈپ
ئورۇندىيالىدىممۇ، يوق، بۇنى هاياتنىڭ ئۆزى كۆرسىتەر.

چاقانوف: دۇنيانى مۇزىكا بىلەن ئەللەيلەپ ئۆتكەن
دېمىترىي دېمىترىيېۋىچ بىلەن دەسلەپ قانداق تونۇشقان-
لىقىنى يېۋگېنى يېۋتوشىنكو مۇنداق بايان قىلىدۇ:
«1963 - يىلى كۆكلەمدە مۇزىكانت بىزنىڭ ئۆيگە تېلېفون
بېرىپ، تېلېفوننى ئالغان ئايالىمغا:

—بىسەرەمجان قىلغىنىمنى كەچۈرۈڭ، بىز سىز بىلەن
تونۇش ئەمەس، مەن شوستاكوۋىچ، يېۋگېنى ئالېكساندى-
روۋىچ ئۆيدىمىكىن،— دەپتۇ پەس ئاۋازدا.

—ئۆيدە، ئىش ئۈستىدە، هازىرلا چاقىراي!

—ئۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئەسەر يازىدىغان ئادەمنىڭ
پىكرىنى بۆلمەيلى. مەن باشقا چاغدا تېلېفون بېرەي،—
دەپ خىجىل بولۇۋاتقاندا، تېلېفوننىڭ تىڭشىغۇچىنى قو-
لۇمغا ئالدىم. شۇ چاغدىكى مەشهۇر سىمانىڭ مېنىڭ بىر
شېئىرىمغا ئاهاڭ يازغۇسى كەلگەنلىكىنى، شۇڭا رۇخسەت
سوراپ تېلېفون بەرگەن ئاۋازى مەڭگۈ قۇلىقىمدا قالدى.

بۇ كىچىككىنە كۆرۈنۈش ئۇلۇغ كومپوزىتورنىڭ
يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىكى بىلەن كىچىك پېئىللىقىنىڭ
گۇۋاهى ئىدى. هازىرمۇ ئىككى مىسرانى قۇراشتۇرۇۋالسا،
بوسۇغاڭغا ئارام بەرمەي، ئىشلەۋاتامسەن، دەم ئېلىۋاتام-
سەن، چاتىقى يوق چالۋاقاپ «پىكرىڭىزنى ئېيتسىڭىز»،

«ئاقىۋول تىلىسىڭىز» دەپ تاقىراقشىيدىغان بەزى باش-
باشتاق ياشلارنى كۆرگەندە، خىجىلچىلىقتا قىزىرىپ تۇ-
رىدىغان شوستاكوۋىچنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

**ئايتماتوف:** بىر قېتىم شوستاكوۋىچ مېنى گوركىي
كوچىسىدىكى ئۆيىگە مېهمانغا چاقىردى. ئولتۇرۇشقا ئا-
تاقلىق كومپوزىتور قارالايېفمۇ قاتناشتى. كەڭ زالنىڭ
تۆرىدە تۆت مۇزىكانت ئۆي ئىگىسىنىڭ 14 - تۆت ئۆز-
گىرىشلىك كۈيىنى ئورۇندىماقتا ئىدى. ئادەتتە يۈزىدىن
نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان شوستاكوۋىچ ئەمدى قاپىقىنى
تۈرۈپ، خۇددى ئۈيۈلتاشتەك ئولتۇراتتى. ئىككى كۆزى
چوغدەك يېنىپ، چېلىنىۋاتقان مۇزىكىدىن تەسىرلەنگەن
قارالايېف بەكمۇ هاياجانلىنىپ ئولتۇراتتى. مۇزىكىسىنىڭ
مەزمۇنىنى سورىغىنىمدا، «ئېيتماق تەس، پەقەت هېس
قىلىشلا كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى. مۇزىكا ئاخىرلاش-
قاندا قارالايېف:

—ئۇلۇغ ئىجادىيەت نەقەدەر ئاجايىپ، نەقەدەر تۇ-
گىمەس سىزگۇ،— دەپ شوستاكوۋىچنى چىن قەلبىدىن
تەبرىكلىدى. كومپوزىتور بۇ تەبرىكلەشكە پەقەت ئىناۋەت
ئۈچۈن باش لىڭشىتىپ قويدى ۋە سوغۇق ئەلپازى بىلەن:

—ئورۇنداش تېخى ئۆز پەللىسىگە يەتمىدى، كۆپ
يەرلىرى يۈزەكى، تېز چېلىۋەتتىڭلار،— دەپ مۇزىكانت-
لارغا قاتتىق - قاتتىق ئاگاهلاندۇرۇش بەرگىلى تۇردى.

قارالايېف تەڭلىكتە قېلىپ، كومپوزىتورنىڭ بەزى
ئاچچىق سۆزلىرىنى يۇمشىتىپ، مۇزىكانتلارنىڭ كۆڭلىنى
ياسىماقتا ئىدى. ئاخىر تۆت ئۆزگىرىشلىك كۈينى يېڭى-
ۋاشتىن ئاڭلاشقا باشلىدۇق. «ئادەتتىكى تۇرمۇشتا ئۇيال-
غاق، كەمتەر شوستاكوۋىچ ئىجادىيەتكە كەلگەندە، ئۆز-
گىمۇ، ئۆزگىگىمۇ نېمىدېگەن رەهىمسىز» دەپ هەيران
بولدۇم.

شۇ يىلى كۆكلەمگە يېقىن كومپوزىتورنىڭ رەپىقىسى
ئىرىنا ئانتونوۋنا ئۆيگە تېلېفون بېرىپ، شوستاكوۋىچنىڭ
كېسىلى ئەزۋەيلەپ كەتكەنلىكىنى، قىرغىز تاغلىرىدا ئۆ-
سىدىغان «ئىسسىقكۆل يىلتىزى» دېگەن دورا ئۈسۈملۈ-
كىنى تېپىپ بېرىشكە ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. تالاستىكى
دوستلىرىم بىلەن تۇغقانلىرىمغا «دەرهال تاغلارنى ئارى-
لاپ شىپالىق يىلتىزنى ئىزدەڭلار» دەپ خەۋەر قىلدىم.
ئۇلار بىر هەپتە ئۆتمەيلا دورا يىلتىزىنى قولۇمغا

تاپشۇردى. مەن ئۇنى شۇ كۈنىلا موسكۋاغا ماڭدۇردۇم.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بىز شوستاكوۋىچنىڭ داچىسىدا تولىمۇ كۆڭۈللۈك جەم بولدۇق. كومپوزىتورنىڭ ئىككى قەۋەتلىك سالقىنلىقىدا تۈزۈلۈشى تولىمۇ قىزىق، چاقانغىنە ئېلېكتر پەلەمپەي بار ئىدى. كىچىك ئوغلۇم ئاسقارنى كومپوزىتور ئۆز قولى بىلەن يېتىلەپ، ئېلېكتر پەلەمپەينىڭ سەرەمجانلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن كۆتۈرۈپ ئويناتتى. ئەتراپىمىزدا بالىلارنىڭ كۆڭۈللۈك كۈلكىسى، چوڭلارنىڭ گۈل - گۈلىگە كەلگەن هەزىل - چاقچاقلىرى... نېمىسىنى ئېيتاي، ئۇ بىر ئېسىل ئاخشام ئىدى. لېكىن، بۇ ئاخشامنىڭ ئۇلۇغ سەنئەتكار بىلەن ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى سىردىشىش يەنى ۋىدالىشىش ئاخشىمى ئىكەنلىكىنى كىم بىلگەن!

تۇرمۇشتىمۇ، ئىجادىيەتتىمۇ دېڭىزنىڭ قوش تامچىسىدەك بىرلىك تاپقان شوستاكوۋىچنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن ئىككى پارچە خېتىنى ئەڭ قىممەتلىك ئەستىلىك سۈپىتىدە مۇزېيىمدا ساقلاۋاتىمەن. خەتنىڭ بىر پارچىسىنى كومپوزىتور «خەير - خوش، گۈلسارە» ناملىق پوۋېستىنى ئوقۇغاندىن كېيىن يازغانىدى. 2 - خەتتە ئاغرىپ قېلىپ، قورغان ئوبلاستىدىكى يېلىزاروفنىڭ كېسەلخانىسىدا داۋالىنىپ «ئاق كېمە» ناملىق پوۋېستىم هەققىدە تولىمۇ رازىمەنلىك بىلەن پىكىر بەرگەنىدى. بۇ كلاسسىكنىڭ ئاخىرقى سالىمى ئىدى. يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا شوستاكوۋىچ ئەسەرلىرىنىڭ بىرەرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدىمۇ، بولدى، يۈرىكىم ۋىللىدە ئېرىپ كېتىدۇ. هاياتقا بولغان چەكسىز ئۈمىدۋارلىق بىلەن روهىيىتىنىڭ پاكلىقى شوستاكوۋىچ دۇنياسىنى شەكىللەندۈرگەن باش ئامىللار ئىدى. ئۇ مەنىۋى خەزىنىسى چەكسىز مول، ياتقىمۇ، يېقىنغىمۇ ياخشىلىق قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان، كىچىك پېئىل، ئادەمگەرچىلىكى كۈچلۈك، پاك ئادەم ئىدى.

چاقانوف: ئىجادىيەتچىلىك سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بەختى مىللەت ۋە دۆلەت تاللىمايدىغانلىقىغۇ!

ئايتماتوف: سىنىڭ دائىم ئېغىزىڭدىن چۈشۈرمەيدىغان «بىر پۈتۈن خەلقنىڭ دوستلۇقى يەككە ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن تەشكىل تاپىدۇ» دېگەن گېپىڭ بار. بولۇپمۇ ئەدەبىياتتىكى تۈنۈگۈنكى يورۇق يۇلتۇزلارنىڭ دوستلۇقى قانداق ئىدى؟ هەي هەي! «قارداشىم» دەپ يۈرىدىغان تەمبەل، قارىمۇتاق كەلگەن غوپۇر غۇلام ئاكا، كۆپ سۆزلىمەي، كۆڭلۈمنى بىلىپ تۇرىدىغان ئايبېك، يۈزىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان، ئارىلاشقانسېرى تېخىمۇ يېقىملىق تۇيۇلىدىغان بىردې كېربابايېۋ، يېتۈك تارىخچى سابىتمۇقانوف...

ئەلۋەتتە، زىددىيەتلىك دەۋردە ياشىغانلىقتىن هەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى ، كەمچىلىكى بولغاندىمۇ... بىراق، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى بەرپا قىلىشقان بۇ سىمالارنى ئۇنتۇش ياكى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇش تارىخقا قىلىنغان خىيانەت. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بىرلىكىگە ئاساس بولدى. قايسىبىر يىلى موسكۋادىكى يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۆيىدە غوپۇر غۇلام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

— چىڭغىز ئىنىم، يەر تەۋرەش شۇنچە چوڭ ئاپەت ئېلىپ كەلدى، — دەپ ئۇمچەيدى. بۇ ئاپەتتە تاشكەنت قاتتىق ۋەيران بولۇپ، پۈتۈن ئىتتىپاق بويىچە هازا تۇتۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. بۈيۈك ئادەمنىڭ قايغۇسى هەرقانداق دەۋردىمۇ بۈيۈك بولغان ئەمەسمۇ!

چاقانوف: ئۇلارنىڭ دوستلۇقى بىر داستان، هەر بىر ئۇچرىشىشى بايرام، ئۆزبېك خەلقىنىڭ مەشهۇر يازغۇچىسى ناسىر پازىلوفنىڭ سابىت مۇقانوف توغرىسىدا يازغان «مېهىر» دېگەن ئەسلىمىسى بار. شۇ ئەسلىمىدە مۇنداق بىر قىزىق هېكايە سۆزلىنىدۇ: تاشكەنتتىن مېهمان بولۇپ كەلگەن دوستى ئايبېكنى سابەڭ (سابىت) ماشىنىسىغا سېلىپ، ئېتەكلىرى باغ - ۋارانغا ئورالغان ئالا تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇرۇپ يۈرگەندە، پىلدەك چۆكۈپ ياتقان ئۇيۇل قىزىل گرانىت تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ توختايدۇ. ئايبېك ئاكىمىز تەبىئەت ئۆز قولى بىلەن يونۇپ تەييارلىغان چىرايلىق تاشنى ئايلىنىپ، «كارامەت ئىكەن» دەپ بېشىنى چايقاپتۇ.

— ياقتىمۇ، ئايبېك؟ — دەپتۇ يېنىغا مەغرۇر قەدەم تاشلاپ كەلگەن سەبەڭ دوستىغا قاراپ.

— بەك ياقتى.

— ئەمىسە، بۇ تاشنى ساڭا تارتۇق قىلدىم. يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل قازاق خەلقىنىڭ ئۆزۈڭگە مىنگۈزگەن دۆلدۈلى دەپ بىل!

مەشهۇر مەدەۋ چاتقىلىدا ياتقان شۇ تاشنى ئايبېك

ـ دەپ كېتىدۇ، سەۋەبى بىرنۇەتتىم، دەپ قالدۇ.
ـى ئۈزىتىپ قويغان سابىت ئاكا ئىگور سامايكوۋىچ
ـىك نەققاشنى شۇ تاشنىڭ يېنىغا ئەپ كېلىپ «بۇ
تاشنى قېرىندىشىم مۇسا ئايبېككە تارتۇق قىلدىم.
ابىت مۇقان ئوغلى، 1962 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ
دەپ مەڭگۈ ئۆچمەس قىلىپ ئويدۇردۇ.
ـقالتىس مەردلەرنى كۆرگەن ئىدىم. بىراق، تاغنىڭ
ـتارتۇق قىلغان سابىتنىڭ يېنىدا ئۇلارنىڭ ھېچقايـ
ـپ ئىشەلمەيدۇ.ـــ دەپ ئايبېك ئاكىمىز دوستىنىڭ
ـى تاكى كۆز يۇمغانغا قەدەر ئەسلەپ يۈرگەن.
ـماتوف: ھەزىل ـ چاقچاق بىلەن تىلەكداشلىقنىڭ
ـسىڭىشىپ كەتكىنى غەنىيمەت ئەمەسمۇ!
ـانوف: چىكە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى مەشھۇر
ـھەققىدە خېلى پاراڭلاشتۇق. ئەمدى پـالـۋانـلار
پىكىر يۈرگۈزسەك قانداق؟
ـماتوف: قىرغىزلار بىلەن قازاقلاردا دۇمـبـسـى
ـگىمگەن قالتىس پالۋانلار ئۆتكەنغۇ!
ـانوف: ھەممە قۇرۇقلۇقنى ئارىلاپ، پـۇتـكـۇل
ـرنى چاڭغا كۆمۈپ چېلىشىپ 48 مېدال ئالغان
ـن مۇگايتىپاسوفنى ئاڭلىغاندۇرسىز؟
ـماتوف: ئاڭلىمايچۇ، ئاتاقلىق پوددۇبنىينىڭ شاـ
ـدۇنيا چېمپىيونى ئاتالغان قاجەكەڭ ئەمەسمۇ؟
ـانوف: نېرىغا بارمايلا قويايلى... ئاخىرقى بـىـر
ـسىر ئىچىدە قازاق ئايالىرى قانچە مىليون ئوغۇل
ـن؟ بىراق، شۇلارنىڭ بىرىمۇ كۈچ جەھەتتە قاـ
ـدىن ئاشالماپتۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆزۈم قاجـ
ـتۇغۇلغان دالىنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىمدىنمۇ، كىـ
ـىنلا قاجىمۇقان توغرۇلۇق ئېسىل ھېكايـىـلـەرنى
ـاڭلىغانلىقىمدىنمۇ ئەيتاۋۇر، ھازىرقى پالۋانلارنىڭ
ـىنىغا خۇمارىم ئۇنچىۋالا قانمىدى. ھەتتا سالمىقى
ـرىجىككىنە پالۋانلارنىڭ چېلىشىشى بەزىدە ئۆزبېك
ـاشلارنىڭ بۆدۆنە سوقۇشتۇرغىنىدەكلا تەسىر قىلىـ

ـنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ تۆمۈرلەڭ ئاۋۇلـ
ـپالۋاننىڭ مۇزېيىدا 20 ئادەم ئولتۇرغان ھارۋىنى
ـبىلەن تارتىپ كېتىۋاتقان سۈرىتى بار. ئۇنىڭدىن
ـراكتورنى كەينىدىن كۆتۈرۈپ توختىتىپ، ماشىنىنى
ـن ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلىرى كۆپ.
ـتماتوف: مەتبۇئاتتىن «ناۋادا قاجىمۇقان چېلىشـ

ـدىغان بولسا پوددۇبنىينىمۇ يىقىتاتتى، پەقەت ئۇسـتـازى
ئالدىدا ئەدەپ ساقلاپ چېلىشمىغان» دېگەنلەرنى ئوقۇـ
غان ئىدىم.

چاقانوف: قاجەكەڭنىڭ گۇۋاھنامىسىدە يۇرتى ئاقمولا ئوبلاستى، دەپ كۆرسىتىلگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئەسلى يۇرتى ئۇترار ناھىيىسىنىڭ ئاقتۆبە ئاۋۇلى. بۇنىڭغا ئالاقىدار ئىسپاتلارنى ئاۋۇل ئاقساقالىلىرىدىن يېزىپ ئالغان جەنۇبىي ئۆلكىگە مەشھۇر تارىخچى، كومپوزىتور مۇقامەتجان رۇستەموف مۇنداق ھېكايە قىلاتتى:

قاجىمۇقان تۇغۇلغاندا، دادىسى قېرىنداشلىرى بىلەن ئارازلىشىپ قېلىپ، دەرھال ئۆي ئايرىپ ئاۋۇلدىن كۆچۈپ كېتىدۇ. مۇڭايتىپاسنىڭ جاھىل مىجەزىنى بىلىدىغان ئاقساقاللار ئاتلىرىغا مىنىشىپ كەينىدىن قوغلىسا، ئۇ خېلى ئۇزاپ كەتكەنىكەن. ئۇلار سۈرەن سېلىپ:

ـــ كەينىڭگە قايت، كۆز نۇرۇم، بۆلۈنمەيلى، ئاچچىقىڭنى بىزدىن ئال،ـــ دېيىشكەن ئىكەن. شۇ چاغدا غەزەپلەنگەن مۇڭايتىپاس كىچىككىنە قاجىمۇقاننى كاسىسىدىن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

ـــ قايتىڭلار، ئەمدى يېقىنلاشساڭلار بۇ بالىنى سىلەرگە توقماق ئورنىدا ئىشلىتىمەن،ـــ دەپتۇ. مۇڭايتىپاسنىڭ ماڭغان يولىدىن قايتمايدىغانلىقىنى سەزگەن قېرىنداشلىرى:

ـــ بولدۇ، نەدە يۈرسەڭ، ئامان بولغىن،ـــ دەپ ئامالسىز ئاتلىرىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپتۇ.

مۇڭايتىپاس كارۋىنىنى يىراققا تارتىپ ئاقمولا دېگەن يەردە توختاپ، شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغانىكەن. مۇھىم ھۆججەتلەردە قاجەكەڭنى ئاقمولا يېرىدە تۇغۇلغان، دېگەنلىرى شۇ سەۋەبتىن.

مانا شۇ قاجەكەڭنىڭ قىسمىتى تولىمۇ قىزىق. ئۇ سىرتى مىجەزى بىلەن بىللە ناھايىتى نازۇك ئادەم ئىكەن. كۆپچىلىك ئۇنى ئەدەبىيات بىلەن سەنئەتنى ئالاھىدە قەدىرلەپ ئۆتكەن، ئۆز ۋاقتىدا مۇقتار ئاۋېزوف، سابىت مۇقانوف، ئىيسا بايزاقوفقا ئوخشاش قەلەمكەشلەر بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرغان، ئۆزى ناتىق، شېئىرغا ھېرىسمەن، ئۇستا شەجەرىچى ئادەم ئىدى، دېيىشەتتى. مېنىڭ «قاجىمۇقاننى ئەسلەش» دېگەن رۇس تىلىدا يېزىلغان شېئىرىم بار.

ئايتماتوف: ئۆزۈڭ قاجىمۇقاننى كۆرگەنمىدىڭ؟

چاقانوف: پالۋان ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرىدا قىرغىنىغا قارىماي، ئاۋۇل ئارىلىغاچ، ماھارەت كۆرسىتىپ، پۇل يەغىپ، ئۆز نامىدىن ئايروپىلان ياسىتىپ ئالدىنقى سەپكە سوۋغا قىپتۇ. شۇ چاغدا ستالىن ئۇنىڭ بۇ ئەزىمەتلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ، مەخسۇس تېز يوللانما ئەۋەتكەن ئىكەن.

تۆت ـ بەش ياش ۋاقتىمدا قاجەكەڭ بىزنىڭ كوپېراتىپقا كېلىپ ماھارەت كۆرسىتىپتۇ. ئەتىگەن ـ كەچ ئىشتىن بوشىيالماي يۈرگەن مېھنەتكەشلەر باتۇرنىڭ ئادەم ئىشەنگۈسىز ئاجايىپ ماھارەتلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ چاغدا بىز ھازىرقى تۆلەبى ناھىيىسىنىڭ قاشقا سۇ ئاۋۇلىدا تۇراتتۇق.

دادام بىلەن يېقىن بولغاچقا، ماھارەت كۆرسىتىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كەينىدىن ئاۋۇلنىڭ ھەممە بالىسىنى ئەگەشتۈرگەن خاجەكەڭ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدۇ. چاقىرىپ كەلتۈرەلمەيدىغان قەدىرلىك مېھمىنىغا دادام سۈتىنى ئىچىۋاتقان يالغۇز ئۆچكىسىنى ئاتايتەن سويۇپ، ئاۋۇل ـ ئايماقنى چاقىرىپ، كىچىكرەك توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

يوغان قارىمۇتاق كەلگەن ئادەم ئۆيىنىڭ تۆرىنى تولدۇرۇپ، يانپاشلاپ ياتقان پېتى چاينى ئۇزاق ئىچىپتۇ. چېكىسىدىن توختىماي قۇيۇلۇۋاتقان تەرىنى سۈرتۈپ تۇرغان قولياغلىقىنىڭ ئۆزىلا كىچىكرەك داستىخاندەك ئىكەن.

دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەن چۆككەن نارغا ئوخشاش پالۋانغا قىزىقىپ، ئۈستىگە چىقىپ، يەلكىسىدىن قورسىقىغا، ئاندىن تىزىغا سەكرەپ، تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ ئوينىغان ئوغلاقتا ئوخشاش تىنىم تاپماپتىكەنمەن. ئۇ بولسا دۈمبىسىدە چىۋىن ماڭغانچىلىكمۇ كۆرمەي، پىخىلداپ كۈلۈپ چېيىنى ئىچىۋېرىپتىكەن.

ئەسلىمىلەرگە قۇلاق سالساق، قاجىمۇقان كۈچىنىڭلا ئەمەس، يۈكسەك ئادەمگەرچىلىكىنىڭمۇ ئىگىسى ئىكەن. چىكە، قاجەكەڭ غوجامقۇلغا ئوخشاش قىرغىزلارنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىرى بىلەن ئۇچراشقان دېگەن ھېكايەتلىرىمۇ بار.

ئايتماتوف: راست، كىچىكىدىن يوقسۇللۇقتا ئۆسكەن غوجامقۇل چوڭ بولۇپ، چېلىشچىغا ئايلىنىدۇ. بويى شۇنداق ئېگىز ئىكەنكى، قاتارلاشقاندا تۆگىگە مىنگەن كىشىنىڭ مۈرىسىگە كېلەتتى. قاڭشارلىق، ئات يۈزلۈك، قارامتۇل بەستىگە قىران بۈركۈتنىڭكىدەك قاپىقى سۈر ھەيۋەت چېچىپ تۇرىدىكەن.

ئەسىر بېشىدا بېشكەكتە چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاخىرىدا پالۋانلار چېلىشىشى بىلەن ئات بەيگىسى بوپتۇ.

جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆكۈز پالۋاننى ئەپ كېلىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە يوپۇق يېپىپ، بېشىنى نوقتىلاپ، تۆت ئاياغلىتىپ، ئەتراپقا تۇپراقنى ئوچۇملاپ چاچقۇزۇپ، ھۆركىرىتىپ مەيدانغا ئېلىپ چىقىپتۇ. (قەدىمكى زاماندا پالۋانلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقايسىنىڭ قىياپىتىگە قاراپ تۆگە، ئۆكۈز، قوشقار پالۋان، دەپ ئاتاپ، ئۈستىنى شۇنىڭغا قاراپ يوپۇقلاپ، نوقتىلاپ، مەيدانغا ئېلىپ چىقىدىغان يوسۇن بولغان) بۇ چاغدا قىرغىزلارنىڭ نى ـ نى باھادىرلىرى خەلق ئالقىشلىغان بىلەن يۈرەكلىرى پوكۇلداپ، سىرتقا قېچىشىپتۇ. ئىلگىرى مۇنداق مەنزىرىنى كۆرمىگەن خالايىق ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ جۆجۈشۈپتۇ.

باش تارتۇقنى يىراقتىن كەلگەن ئاللىكىمگە بېرىش ئەل ئۈچۈن سىناق ئىدى. ھەر قەبىلىنىڭ ئىسمى ئاتىلىپ، قايتا ـ قايتا ئۇران چاقىرىلىدۇ.

دەل شۇ چاغدا دىۋىدەك غوجامقۇل زور چىقىپتۇ. ئۈستىدىكى يوپۇقى بىلەن بېشىدىكى نوقتىنى ئېلىۋەتكەن جۇڭگونىڭ ئۆكۈز پالۋىنى ھۆركىرىگەن پېتى ئۇدۇل مېڭىۋېرىپتۇ. ھېلىسى كۆپ رەقىبىگە بوي بەرمەي ئېلىشقان غوجامقۇل ھەش ـ پەش دېگۈچىلا، ھېلىقىنى «يا» دەپ ۋارقىراپ، بېشىنىڭ ئۈستىگە ئاپتو. دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرغان قىرغىزلارمۇ تەڭلا چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. چۇقان ـ سۈرەندىن كۈچ ئالغان غوجامقۇل رەقىبىنى ئايلاندۇرۇپ، يەرگە ئۇرۇپتۇ. تىرىكلىكىدە دۈمبىسى يەرگە تەگمىگەن پالۋاننىڭ داڭقى شۇ قېتىمقى چېلىشىشتىن كېيىنلا ئەلگە تارىلىپتۇ. پالۋانلارنى زاماندىشلىرى بىلەن ئەۋلادلار ھەمىشە رىۋايەتكە ئايلاندۇرۇپ تەرىپلەپ تۇرغان ئەمەسمۇ!

قاجىمۇقان بىلەن غوجامقۇلنىڭ ئۇچراشقانلىقى توغرىلىق كۆپنى كۆرگەن بوۋايلار قىزىق ھېكايە قىلىدۇ:

سېرىك ئۆمىكىدە ئويۇن كۆرسىتىپ، ئۆزىگە ھېچكىمنى قاراتماي يۈرگەن قاجىمۇقان بىر سەپىرىدە بېشكەكنىڭ مال بازىرىغا بارغان بولسا كېرەك. يىغىلغان خالايىق پالۋاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، قويۇپ بەرمەي ئازادە ئۆي تىكىپ، يىلقا سويۇپ، قىمىز سورۇپتۇ. ئافرىقىدا قارا زەڭگى بىلەن چېلىشىپ ئۇنى يىقىتقىنىنى، ياپون پالۋاننىڭ

ساركېيىكنى قانداق يەڭگىننى ئاڭلاپ خۇماردىن چىقىپ، ئىلھاملانغان ئالامان تىنچ تۇرامدۇ! قاجىمۇقاننى غوجامقۇل بىلەن چېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، دەپ ئۆزئارا چىقىرىش قىلىپ ئۈچ توققۇز تارتۇقمۇ تىكىدۇ. ئات چاپتۇرۇپ ئاۋۇلدىن ئەكەلدۈرۈلگەن غوجامقۇل ئالدى بىلەن ئاغا پالۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە:

—قاجەكە، بىز بىر باشتىكى ئىككى كۆزگە ئوخشاش قېرىنداش، قوشكېزەك خەلقنىڭ ئەزىمەتلىرى، سىز ئاكا، مەن ئىنى، بىرىمىز يىقىتىپ ماختىلىپ، بىرىمىز يىقىلىپ چەيلىنىپ ياتساق بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بىزگە مېھمان، بېلىڭىزگە ياماشسام، ئەرۋاھلارمۇ كەچۈرمەس، تارتۇق سىزنىڭ بولسۇن،—دەپتۇ.

—قانداق قىلاركىن، دەپ تۇرغانىدىم، كۆرگەن ـ بىلگىنىڭ كۆپ، قىرغىز خەلقىنىڭ ئابرۇيى ئۈچۈن تۇغۇلغان ئوغۇل بالا ئىكەنسەن، يۇلتۇزۇڭ يانسۇن،—دەپتۇ قاجەكەڭ ۋە ئىنىسىنى قۇچاقلاپ، مەڭزىگە سۆيۈپتۇ. تارتۇق ئۈچۈن ئالغان ئۈچ توققۇزنى ئەتراپتىكى يېتىم ـ يېسىرلارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ.

چاقانوف: قاجىمۇقان بىلەن غوجامقۇلنى هازىر ئالەمنى بېشىغا كىيىپ يۈرگەن تەنتەربىيە يۇلتۇزلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بىلەن بىر قاتاردا قويۇشقا بولامدۇ؟ ئۇلار يالغۇز تەڭداشسىز كۈچ ئىگىلىرى بولۇپ قالماستىن بەلكى بۈيۈك پاراسەت ئىگىلىرى. تۇغۇلغان تۇپرىقىغا تىرەن يىلتىز تارتقان، خەلقىنىڭ ئادەت ـ دەستۇرى، ئار ـ نومۇسى، مەنىۋى خەزىنىسىنى ۋۇجۇدىغا يىغقان قالتىس سىمالار. مۇشۇ قىممەتلىك خىسلەتلىرى بەدىلىگە ئۇلار خەلقىنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىگە بۆلەندى.

ئايتماتوف: ھەئە، يەر شارى ئاتاقلىق كىشىلەرگە نامرات ئەمەس، ئۇلارنىڭ تەلەي يېرىمىنى تەنتەربىيە بىلەن سەھنە چولپانلىرى تەشكىل قىلىدۇ. توپ تېپىش ئۇلۇغ ئاتالغانلارغا، مۇشتلىشىش بىلەن چېلىشىشنىڭ پىشقان ماھىرلىرىغا ياكى سەھنىنىڭ ھۆسنى ئاتالغان ناخشىچىلارغا تەڭلەشتۈرگۈدەك نەرسە تاپالماي قىينىلىمىز. بەزىدە ئۇلارنىڭ چېلىشىش مەيدانىغا، سەھنىگە غىل ـ پال بىر چىقىپ قويۇشىنىڭ ئۆزى مىليونلىغان دوللارغا توختايدۇ. بەلكىم بۇ دەۋرنىڭ ئۇدۇمىدۇر. بىراق، خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئالچاڭلاپ، يەرنىڭ تىرىكىگە ئايلانغاندەك چالۋاقايدىغان، نامى ئالەمگە بىر كەلگەن مۇشۇنداق چولپانلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالساڭ ئۇلارنىڭ مەنىۋى پۇچەكلىكىگە ھەيران قېلىپ، ياقاڭنى تۇتىسەن، ھەتتەكەي، ئادەمنىڭ روھىي بايلىقى، ئەقىل ـ پاراستى قاچانمۇ نەمۇنىگە ئايلىناركىن؟

چاقانوف: ئادەم—ئادەم بولۇپ يارالغاندىن بۇيان بۇ مەسىلە كۈن تەرتىپتىن قالغان ئەمەس. چىكە، مۇختار ئاۋېزوفقا ئالاقىدار پاراڭ قىلغىنىمىزدا ئىسسىق كۆلنىڭ بۆلتىرىك پالۋاننىڭ ئىسمى ئاتالغان...

ئايتماتوف: بۆلتىرىك پالۋاننى مۇقاڭنىڭ ئۆلۈمىدە كۆرگەن ئىدى. تەمبەل كەلگەن، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان كېلىشكەن ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ قانداقلارچە «ئابايىنىڭ بالىسى» دەپ ئاتىلىپ كەتكىنىنى چۈشەنمىدىم.

چاقانوف: 1916 ـ يىلىدىكى ئاۋغۇست پەرمانى بويىچە ئالدىنقى سەپكە قاراشقا كەتكەن پالۋان رۇسىيىنىڭ خىلمۇخىل ئالىتوپىلاڭلىرىغا ئارىلىشىپ، ئاخىرى تەقدىرنىڭ تەقسىماتى بىلەن شەمەي يېرىگە قەدەم باسىدۇ. پالۋاننىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان ئاباي ئەۋلادلىرى ئاتايىن ئىزدەپ كېلىپ:

—جاھان تىنچىغاندىن كېيىن سېغىنغان ئىسسىق كۆلگە بارارسەن، ھازىرچە جىيدەباينى (يەر ئىسمى) ماكان قىل،—دەپ پالۋاننى ئانا يۇرتىغا ئاپىرىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق، مال ـ ۋارانلىق قىلىپ قويىدۇ. قېرىنداش ئەلنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى كۆرگەن پالۋانمۇ ئاباي ئاۋۇلىنىڭ ئەملداش بىر بالىسىغا ئايلىنىدۇ. شۇ يەرنىڭ پاتمە ئىسىملىك بىر قىزىغا ئۆيلىنىدۇ. مۇقاڭ لېنىنگرادتا ئوقۇۋېتىپ يۇرتىغا كەلگەن بىر سەپىرىدە بۆلتىرىك بىلەن ئىچەكىشىپ تونۇشىدۇ. «ئابايىنىڭ بالىسى» دېگەن نامنى بۆلتىرىككە مۇقاڭ بېرىپتۇ، دېيىشىدۇ كۆپچىلىك، شۇ تونۇشلۇق ئاخىرى دوستلۇققا ئايلىنىپ، بۆلتىرىكلەر ئىسسىق كۆلگە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئارىلىرى سوۋۇمىغانىكەن.

ئايتماتوف: مۇقاڭ ئۇشتۇمتۇت قازا قىلغاندا مەن ئالمۇتاغا كەلگەن ئىدىم. فرونزىدىن ئەلى توخۇمبايىف، سۈيىنباي ئەر ئەلىيىفلار باشلىغان ئۆمەك يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا مۇقاڭنىڭ تاۋۇتىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆتۈرگەن بۆلتىرىك پالۋاننىڭ ئىككى مۈرىسى تىترەپ ئۈنسىز يىغلاپ كېتىۋاتقىنى ھازىرقىدەك كۆز ئالدىمدا.

چاقانوف: چىكە، ساخاۋەتلىك قىرغىز ئېلىگە تۈنجى رەت مېنىڭ ئىخلاسىمنى بىر يولىلا بۇرۇۋەتكەن نەرسە

سىزنىڭ چاقماقتەك ۋالىلدىغان ئۆزگىچە ئىجادىيەت ماھارىتىڭىز بولسا، ئىككىنچىدىن، ئوچۇق ـ يورۇق، قەددى ـ قامەتلىك ئۇلۇغ ماناسچى جولۇن مامىتوف ماڭا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

دەسلەپتە بىز ياش يازغۇچىلارنىڭ موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەشىدە تونۇشقان ئىدۇق. كۆڭلى ـ كۆكسى ئايدالدەك كەڭ، مىجەزىگە ياققان كىشىگە يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان قىرغىزنىڭ مەردانە بۇ شائىرى بىلەن ئاخىرقى تىنىقى ئۈزۈلگىچە دوست بولدۇم. ئەمدى قالغان ئۆمرۈمدە بۇنداق دوست نەدە؟

1969 ـ يىلى جولۇن ئىككىمىز موسكۋادىكى م. گوركى نامىدىكى خەلقئارا ئالىي ئەدەبىيات ئوقۇشىغا بىللە بارىمىز، دەپ ۋەدىلەشتۇق. ئۇ چاغلاردا ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق قەلەمكەشلىرى (ئىچىدە ئۆزىڭىزمۇ بار) دەرس ئالغان بۇ ئوقۇش يۇرتىغا ھەم جۇمھۇرىيەتكە ئاتاپ پەقەت بىرلا سان بېرىلەتتى. جولۇن قىرغىزىستان نامىدىن توسقۇنسىز ئۆتۈپ موسكۋاغا كەتتى. ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر تېلېفون بېرىپ «تېز كەل» دەپ ئالدىرىتىدۇ. بىراق، بۇ چاغدا شۇ چاغدىكى قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى مېنىڭ ئورنۇمغا شېئىرىغا ھۆسنى ماس سەتەڭ شائىرەنى ئۆتكۈزگۈسى كېلىپ، يېرىم يولدا ئارىلىشۋالدى. ئۇ چاغدا مەن چىمكەنتتە تۇراتتىم. ئوقۇشقا مېنىڭ بارىدىغىنىم بىر يىل ئىلگىرىلا قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارلار كېڭەشىدە بېكىتىلگەنىدى. خىزمىتىمدىن توختاپ، كۆدە ـ كۆرپەمنى كۆتۈرۈپ، موسكۋاغا ماڭىدىغان كۈننى كۈتۈپ ئالمۇتادا تۇرۇۋاتاتتىم. ئۇشتۇمتۇت يولۇققان ئادالەتسىزلىككە قاتتىق ئاچچىقلاندىم. قىز بالىغا يول بەرمەسلىك ئۆرۈپ ـ ئادىتىمىزگە يات قىلىقمۇ، شۇنداق بولسىمۇ، ئورۇن بىر، تەلەپكار ئىككى، تالاش باشلىنىپ كەتتى. ياش شائىرلارنىڭ ئاتىسى سۈپىتىدىكى قازاق شېئىرىيىتىنىڭ تىرىك كلاسسىكلىرىنىڭ بىرى ئابدۇللا تاجىبايېف بىلەن يازغۇچىلار نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، مەشھۇر قەلەمكەش ئىلياس ئېسەنبېرلىن مېنى قوللاپ، موسكۋاغا ــ سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرىگە تېلېفون بېرىپ، خەت يېزىپ كۆپ ھەرىكەت قىلدى. ئاخىرىدا ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى تەڭ كېلىپ قېلىپ، سىلەر كېلەركى نۆۋەت كەلگۈچە تالىشىپ تۇرۇڭلار، دەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار ئىتتىپاقى قازاقىستانغا بەرگەن ساننى موڭغۇل خەلق جۇمھۇرىيىتىگە بېرىۋەتتى. بولغان ئەھۋالنى دوستۇمغا تېلېفوندا ئېيتتىم، بۇ چاغدا جولۇن يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. شۇنىڭ بىلەن ماڭا جولۇن ئىككىنچى يىللىقنى پۈتتۈرىدىغان يىلى موسكۋاغا بارىدىغان يول چىقتى، موسكۋاغا بېرىپ ئۇنى ياتىقىدىن تاپالماي خەت تاشلاپ كەتكەنىدىم. كېچىدە رۇسىيە مېھمانخانىسىدىكى بۆلمەمنىڭ ئىشىكى قېقىلدى، ئىشىكنى ئاچسام جولۇن، يېنىدىكى شاپ بۇرۇتلۇق، قارىمۇتۇق چىرايلىققىنە كەلگەن يىگىتنىڭ سۈيمەنقۇل چۆكمورروف ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم. قۇچاقلاشقان پېتى بۆلمىگە كىردۇق.

مېھمانسارايىنىڭ قوشنا بۆلمىسىدە ئىلياس ئېسەنبېرلىن تۇراتتى. قىرغىز خەلقىنىڭ قوشماق پەرزەنتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىۋېدىم، ئىلياس ئاكا كەچ كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، بۆلمەمگە كىرىپ، سۆزىمىزنىڭ پەيزىگە پەيزى قوشتى. شۇ يىللىرى «ئالماس قىلىچ»، «قەھىر غەزەپ»، «جان تالىشىش» ناملىق ئۈچ كىتابتىن تەركىب تاپقان «كۆچمەنلەر»رومانىنىڭ قازاق زېمىنىدا خەلق ئالقىشىغا ئېرىشىپ تۇرغان مەزگىلى ئىدى.

ئوتتۇرا بوي، ئىللىق چىراي، چاچلىرى ئاقارغان، سۇرلۇك چوڭ يازغۇچى شۇ كېچىسى ئېچىلىپ، يېيىلىپ تارىخنىڭ بىز بىلمەيدىغان سىرلىرىنى سۆزلىدى. جولۇن ئىككىمىز بىرىمىز قىرغىزچە، بىرىمىز قازاقچە شېئىر ئوقۇدۇق. سۈيمەنقۇل بولسا يېقىندا ياش رېژىسسور پولات شانىشبايېف سۈرەتكە ئالغان «ئىسسىق كۆل كۈركۈملىرى» ناملىق فىلىمدە قارا پالتانىڭ رولىنى ئالغانلىقىنى ھېكايە قىلىۋېتىپ:

ــ ئۆمۈرزاق ئايتبايېف دېگەن قازاق ئالىمىنى بىلەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بىلگەندىمۇ قالتىس بىلىمەن، ھۆسنىگە بەستى ياراشقان، ناخشىنى قەدىمكى زاماننىڭ نوچى ـ نۆدەرلىرىدەك ئېيتىدىغان سەنئەتكار كىشى، ئۇنى بەكمۇ قەدىرلەيمەن، ــ دەپ توختىماي سۆزلەپ كېتىۋېدىم، سۈيمەنقۇل گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى ۋە:

ــ شۇ ئۆمۈرزاق ئاكىدىن مەن «تۇمۇرتاش» ناملىق ناخشىنى ئۆگەندىم. «ئىسسىقكۆل كۈركۈملىرى» دېگەن فىلىمدە قارا پالتا مۇشۇ ناخشىنى دومبۇرا بىلەن ئېيتىدۇ. ئۆمۈرزاق ئاكىنىڭ ئاۋازى مېنىڭ ئاۋازىمغا قارىغاندا ياڭراق بولغاچقا، فىلىمگە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئالدۇق، فىلىمدە مەن پەقەت ئاغزىمنى مىدىرلىتىپ بەردىم، ــ دەپ

ھەزىل قىلدى.

پارالى مۇختار ئاۋېزوۋقا مەركەزلەشكەندە، سۈيمەنقۇل:

— بۇ ئۇلۇغ كىشىنىڭ قىرغىز ئېلىگە قىلغان ئەزمەتلىكىنى ھەرقانداق ئالتۇننىڭ سالمىقى بىلەن ئۆلچەشكە بولمايدۇ. ھازىرقى زاماننىڭ تۇرقى ماۋۇ، ئاۋۇلغا كاتەك سېلىش ئۈچۈنمۇ موسكۋادىن رۇخسەت ئالاتتۇق. بىراق، قىرغىزلار چوقۇم مۇختار ئاۋېزوۋقا يادنامە ئورنىتىش كېرەك، — دېدى.

— مەن ئائىلەمدە ئاۋېزوۋقا بېغىشلاپ يادنامە ئورنىتىشقا ئۈلگەردىم، — دېدى جولۇن مۇغەمبەرلىك بىلەن.

— قانداقىسىگە؟

— قىزىمنىڭ ئىسمىنى ئايگەرىم قويدۇم. ئۇ مۇختار ئاۋېزوف زور ئىلھام بىلەن سۈرەتلىگەن ئابايىنىڭ سۆيۈملۈك كىشىسى.

— بارىكاللا! بىر چوڭ قەدەھ كۆتۈرۈشنىڭ پۇرسىتى ئەمدى كەلدى، — دەپ ئىلياس ئاكا ئورنىدىن تۇردى، — ئەمىسە، ئايگەرىم ئانىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئابايىنى ھەيران قالدۇرغان خىسلەت-پەزىلەتلەر نارىسىدە ئايگەرىمنىڭ تەقدىرىدە ئايان بولسۇن!

— رەھمەت ئاكا! سىزمۇ قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتى، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن! — دېدى جولۇن ھاياجانلىنىپ.

مۇشۇنداق ئېسىل پارالى ۋە سۆھبەتلەر ئىلكىدە يازنىڭ قىسقا تۈنىنىڭ بېلىق باغرى بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قاپتۇق.

ئايتماتوف: ھەئە، جولۇنمۇ، سۈيمەنقۇلمۇ بىرى تىرەن شېئىرلىرى بىلەن، ئىككىنچىسى سەنئەتكار، ئارتىسلىقى بىلەن قىرغىز مەدەنىيىتىنىڭ ئەگرى-توقاي، خەتەرلىك يوللىرىدا ئۆز تۆھپىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. سۈيمەنقۇل 1968 - يىلى مۇختار ئاۋېزوفنىڭ ئەسىرىگە ئاساسەن، رېژىسسور پولات شەمشىيېف ئىشلىگەن «قاراش داۋىنىدىكى ئېتىش» فىلىمىگە قاتنىشىپ، باقتىغۇلنىڭ رولىنى ئېلىۋاتقان مەزگىلىدە ئىككى بۆرىكىگە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالغانىكەن. لېكىن ئۇ كېسەلگە پەرۋا قىلماي، كىنودىن بوشىغان چاغلىرىدا، تاغ بۆكتەرلىرىنى ئارىلاپ، ئىسسىقكۆل بويلىرىدا يۈرۈپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئېسىل سۈرەتلەرنى ئىجاد قىلمىدىمۇ؟ كىنوغا ئېلىش مەيدانىغا پات-پات بېرىپ «جەمىلە»دە دانىيارنىڭ، «كۆك بۆرە»دە ئاقانقۇلنىڭ، «ئىسسىقكۆل كۆركۆملىرى»دە قارا پالتىنىڭ، «مەن تەڭرىتاغ»دا بايتېمىرنىڭ، «دېرسۇف ئۇزالا»دا جاڭباۋنىڭ ئوبرازىنى ئۇنۇتقۇسىز دەرىجىدە ياراتقىنى ھېلىغىچە ھەممىمىزنىڭ كۆز ئالدىدا.

چاقانوف: ئاڭلىشىمچە، كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە سۈيمەنقۇلنىڭ سالامەتلىكىنى بىردىنلا ناچارلاشتۇرۋېتىپتۇ. رېژىسسور ئا. ۋىدۇگىرىس ئىشلىگەن «پەقەتلا ئەر ئەزمەتلەر» فىلىمىدە قاسىم رولىغا چىقىپ يۈرگەندە، ئۇ بىردىنلا تېيىلىپ كېتىپ پىچاقتەك ئۇچلۇق تاشنىڭ ئۇستىگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئادەتتە بۇنداق يىقىلىشلارنىڭ ھېچبىرىگە بوي بەرمەيدىغان ئارتىس بۇ قېتىم يىقىلغان يېرىدىن قوپالماپتۇ. يىقىلغان چاغدا بۆرىكىنىڭ بىر تال قان تومۇرى ئۈزۈلگەنىكەن، ھەمراھلىرى شۇ زامان تېز ئۇچار چاقىرىپ، سۈيمەنقۇلنى فرونزىغا يولغا ساپتۇ. سۈيمەنقۇل دوختۇرخانىدىن چىقىپلا، ئۆزى تېيىلىپ كەتكەن ئېگىز قىياتاشنى بويسۇندۇرۇپ، فىلىمنى ئاخىرىغىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپتۇ.

ئايتماتوف: «خۇدامۇ كۆتۈرۈشلۈك كىشىگە بېرەر» دېيىشىدىغۇ، بىراق، چۆكمۈروفنىڭ بۇ دۇنيادا تارتقان ئازابىنى ئېيتىشنىڭ ئۆزىگە زور چىدام كېرەك. 1982 - يىلىدىن باشلاپ، ئاخىرقى ئون يىل ئىچىدە، يەنى كۆزى يۇمۇلغانغا قەدەر 56 قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنىشقا قانچىلىك غەيرەت، باتۇرلۇق كېرەك-ھە!

چاقانوف: سۈيمەنقۇل قاتتىق كېسەل بولۇپ، موسكۋادا دوختۇرخانىدا ياتقاندا، سىزنى پات-پات بېرىپ يوقلاپ تۇردى، شۇ چاغدا سىزنى نازۇك بىر ئەسۋابنى تېپىشقا ياردەملەشتى، دەپ ئاڭلىدىم ...

ئايتماتوف: ئۇنچىمۇ ئەمەس، 1982 - يىلىنىڭ ئەتىياز مەزگىلىغۇ دەيمەن، مەريەم يەڭگەڭ ئىككىمىز سۈيمەنقۇلنى يوقلاپ باردۇق. ئۇ ناھايىتى جۈدەپ كەتكەن ئىكەن.

— دەسلەپتە سۈنئىي بۆرەك سالماقچى ئىدى، بىراق، مەن تەۋەككۇل قىلغىنىم بىلەن دوختۇرلار تەۋەككۇل قىلالمىدى. چەت ئەلدە قىممەت باھالىق بىر ئەسۋاب چىقىپتۇ، دېيىشىدۇ. ناۋادا شۇ ئەسۋاب قولغا چۈشسە ئۆمۈرۈمنى يەنە بەش-ئالتە يىل ئۇزارتقىلى بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى سۈيمەنقۇل گەپ ئارىسىدا، — بىراق، ئۇ ئەسۋابنى سېتىۋالىدىغان نۇرغۇن پۇلنى تېپىش مۇمكىن

ئەمەس، شۇڭا مۇشۇ ئۆمۈرۈمگە قانائەت قىلىمەنده!
يۈرىكىم «قارت»لا قىلىپ قالدى. بۇ رەھمـــسـز
تەقدىرگە تەن بەرگەن ئادەمنىڭ سۆزى ئىدى. يەنە كېلىپ
ئۇ بۇ سۆزنى ھەزىل ـ چاقچاققا ئوراپ، ئىرەڭشىمىگەن
ھالدا يەتكۈزدى. سۆزىدە «ياردەم قىلامسىز؟» دېگەن
ئۆتۈنۈشمۇ يوق. ئەتىسى بۇ ئىش بىلەن كونا مەيداندىكى
مەركىزىي كومىتېتقا باردىم. شۇ چاغلاردا قىرغىزىســتــان
مىنىسترلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئا-
پاس جۇماغولوفقا تېلېفون بەردىم. بۇ ئىشقا قىرغىزىستان
كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى
تۇرداخۇن يۇسۇپ ئەلىيېۋمۇ ئارىلاشتى. شۇنداق قىلىپ
ناھايىتى تەستە بۆرەكنى ئەملەيدىغان شۋېتسىيىلىكلەر يا-
ساپ چىققان ئەسۋابنى ھۆكۈمەت ھېسابىغا 3 مىليون سوم
يوللاپ قىرغىزىستانغا ئالدۇردۇق.

چاقانوف: شۇ ئەسۋابنىڭ سۈيمەنقۇلغـــلا ئـــەمـــەس،
خەتەرلىك بۆرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان يۈزگە يېقىن
ئادەمنىڭ ئۆمرىنى بىر نەچچە يىل ئۇزارتىشقا پايدىسى
تېگىپتۇ.

سۈيمەنقۇلنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى نامىربەگ چۆكمۇ-
روف ئاقساقالنى ناھايىتى چوڭ كۆرىمەن. تۇغقان دېگەن
كىمدە يوق دەيسىز ... سۈيمەنقۇل ئېغىر كېسەل بىلەن
ئېلىشقان ئۇزاق يىللار ئىچىدە ئۇنىڭ ئاكىسىغا موسكۋا
بىلەن بىشكەكنىڭ ئارىلىقى قوغۇنلۇقنىڭ يولى بــولــۇپ
كەتكەنىدى. ئۇ ئىنىسىنىڭ يېنىدا ھەپتىلەپ، ئايلاپ يېتىپ،
ئۇنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ تۇرۇشى — ئۇچرىغانلا ئۇ-
رۇق ـ تۇغقاننىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدىغان ئۇغۇلبالىلىق
خىسلەت.

سۈيمەنقۇل ئاخىرقى ئون يىلدا ھەر بىر يېرىم سوت-
كىدا تومۇرغا تىكىپ قويىدىغان «فوستول» دېگەن ئاپ-
پارات ئارقىلىق قېنىنى تازىلىتىپ تۇرغانىدى. بۇنداق كې-
سەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم، ناۋادا ئۇدا ئۈچ ـ تۆت
كۈن ھېلىقى ئاپپاراتنىڭ ياردىمىگە تايانمىسا ئۆلۈپ كېتى-
دىكەن. ئاكىسىنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭغا يىڭنىنى سانجىۋې-
رىپ، بەدىنىنىڭ ھېچ يېرىدە ساق تومۇرى قالمىغانىكەن.
بۇ ئازابقا باياتىن ئۆزىڭىز ئېيتقان، ئاخىرقى ئون يىلدا
قىلىنغان 56 ئوپېراتسىينى قوشۇڭ، شۇنداق تۇرۇپمۇ يەنە
كىنوغا چىقىشنى، رەسىم سىزىشنى توختاتمىغان. مەن قا-
زاق، قىرغىز زېمىنىدا بۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان سەنئەت-
پەرۋەرلىكنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيمەن.

موسكۋادىكى بۆرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش مەر-
كىزىنىڭ باش دوختۇرى پروفېسسور ئالېكسېي بېلورو-
سوفنىڭ سۈيمەنقۇل ھەققىدە: «مېنىڭ ئالدىمدىن نەچچە
مىڭلىغان كېسەللەر ئۆتتى. بىراق، سۈيمەنقۇل چۆكـمـۇ-
روفتەك كۈچى تالڭ قالغۇدەك مۇستەھكەم، ئېغىر ئوپېرات-
سىيىنىمۇ چىۋىن چاققانچىلىكمۇ كۆرمەيدىغان ئـادەمـنـى
كۆرمىگەنىدىم» دېگەن گەپلىرىدە سۈيمەنقۇلنىڭ ئۆزگى-
چە باتۇرلۇقى كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ؟ ئۇنىڭ كىنولاردا ئو-
مۇمەن قەيسەر، تۇرغۇن بولۇپ چىقىشى ھېچقاچان تاسا-
دىپىيلىق ئەمەس.

ئەمدى ماۋۇ ۋەقەنى ئاڭلاڭ، سۈيمەنقۇلنــىڭ مــەرد
ئادەملىكىنى ياخشى بىلىمىز. يۇقىرىدا ئېيتىلغان قان تا-
زىلايدىغان ئەسۋابمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالمايدىكەن.
سۈيمەنقۇل بىلەن بىللە سىزنىڭ «جەملە» ئەسىرىڭىزگە
ئاساسەن ئېلىنغان فىلىمدە باش رول ئالغان ناتالىيە ئا-
رىنباسارۇفنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق بۇرۇنقى ئېرى، ئا-
تاقلىق رېژىسسور ئاندرون كۇچالوۋىسكى ھېلىقى ئەس-
ۋابتىن ئۈچنى ئۆز پۇلىغا سېتىۋېلىپ، «غوجا باش» دې-
گەن فىلىمنى ھولليۋودتىكى كىنو بايرىمىغا ئېلىپ بارغان
تۆلەمىش ئوكەيېۋتىن ئەۋەتىپ بېرىدۇ. سۈيمەنقـۇل بـۇ
ئەسۋابلارنى نېمە قىلدى، دەڭ. ئۇلارنىڭ بىرىنى بىلو-
روسوف مەسئۇللۇقىدىكى مەركەزگە، خېلى ۋاقىتتىن بۇيان
تەم ـ تۇز تېتىشىپ، خۇدادىن شەپقەت كۈتۈپ ياتقانلارغا
بېرىدۇ. ئىككىنچىسىنى ئۆزى بىلەن بىر بـۆلـۈمـدىـكى
گروزىن يىگىتكە بېرىدۇ. ئۆزىگە ئېلىپ قالغىنى بولسا، بىر
ئاز ۋاقىتتىلا كېرەكتىن چىقىدۇ.

— سۈيمەنقۇلنىڭ ۋاپاتى كېسەلخانىدا بىللە ياتقـان
تەقدىرداشلىرىغا تولىمۇ قاتتىق تەگدى، — دەپ ئەسلەيدۇ
نامىربەك ئاكا، — بىر قېتىم ئون نەچچە كۈن يۇرتقا بې-
رىپ، موسكۋادىكى كېسەلخانىغا قايتىپ كەلسەم، ئۇستەل-
نىڭ ئۈستى يىلان يالىغاندەك بولۇپ قاپتۇ، ئۇقسام، ئۇ
دورا ـ دەرمەك، مېۋە ـ چىۋە ئۈچۈن يىغقان پۇلىنى پۈ-
تۈنلەي يۇرتىغا قايتالماي تۇرغان، ئۆزى بىلەن بۆلۈمداش
ئالتايلىق يىگىتكە بېرىپتىكەن. ئېھتىياجلىق دورا تاپالمى-
غانلار ياكى ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن
كېسەللەر سۈيمەنقۇلنى ئەگىيدىغان، سۈيمەنقۇل بولـســا،
ئۆزىنىڭ دوستلىرى تۆلەمىش ئوكەيېۋ، پولات شەمشىيېۋ،
شۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىسترلى-
قىدا خىزمەت قىلىدىغان روزا ئوتونبايېۋا، ستالبەك تۇر-

غۇنبايېۋاغا ئېغىرلىقىنى سالاتتى. مۇشۇنداق مەردلىكىدىن يانغاندۇ بەلكىم، سۈيمەنقۇلنىڭ تەزيىيە يىغىنىغا قاتناشقان، ئۇنىڭ بىلەن كېسەلخانىدا بىللە ياتقان خىلمۇخىل مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى يىغىلىپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى. بولۇپمۇ 26، 27 ياشلاردىكى بىر رۇس يىگىتى قولتۇق تايىقى بىلەن ئاپىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ:

—ئاللىقاچان ئۇ دۇنيالىق كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىدە يۈرسەممۇ، سۈيمەنقۇلنىڭ تېپىپ بەرگەن قىممەت باھالىق دورىلىرى بىلەن ئۆمرۈمنى ئۇزارتىپ كەلدىم. ئۆز ئاتاممۇ ماڭا مۇنداق ياخشىلىق قىلمىغاندۇ، ئەمدى كۆپ ئۆتمەي مەنمۇ ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارارمەن، كۆزۈم يۇمۇلۇپ قالسا، لازىم بولۇپ قالار، دەپ يىغىپ قويغان 5000 سوم پۇلۇم بار ئىدى، ماۋۇ شۇ پۇلنىڭ 3000ى، بىراق، ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، ئالمايمىز، دېسەڭلار يۈرىكىمگە جاراھەت سالىسىلەر، بۇنى ئۆزۈم قەدىرلىگەن كىشىگە بولغان ھۆرمىتىمنىڭ نىشانى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن،—دەپ ھەممىمىزنى يىغلاتتى.

قىرغىز بىلەن قازاقنىڭ سەنئەت ئاسمىنىدا گۈلخاندەك يېنىپ، كۆل بولغان سۈيمەنقۇل بىر سۆزىدە: «قىرغىزلار مۇختار ئاۋېزوفقا خاتىرە مۇنارى ئورنىتىش كېرەك» دېگەندى. دېگەندەك يەرگە ئورنىتىلغان مىس ئەستىلىكتىن قىلچە قېلىشمايدىغان بىباھا ئەستىلىكنى ئۆزى ئورناتتى. ئاۋېزوف ئەسەرلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن «قاراش داۋىنىدىكى ئېتىش»، «كۆك بۆرە» ناملىق فىلىملەرنىڭ باش روللىرىنى ئۆزگىچە خاراكتېر بىلەن بېزەندۈرۈشى قىرغىز، قازاق كىنو سەنئىتىدىكى يېڭى پەللە بولدى. شۇنى ئوچۇق ئېيتىش كېرەككى، قازاقلارمۇ ئاۋېزوف ئەسەرلىرىنى مۇنداق يۈكسەك سەۋىيىدە تەشۋىق قىلالىغان ئەمەس. ئەگەر سۈيمەنقۇل ھايات بولغان بولسا، مۇستەقىللىككە ئېرىشەلمىگەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئارتىسى دېگەن نامغا جەزمەن ئېرىشكەن بولاتتى. دېگەن بىلەن بىز قىرغىز ئېلىدىكى قازاقىستان ئەلچىخانىسى ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيىتىنى يېقىنلاشتۇرۇشتا، راۋاجلاندۇرۇشتا ئالتۇن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان بىباھا ئەمگىكى ئۈچۈن سۈيمەنقۇلنى «ئالتۇن كۆۋرۈك 1» مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلاپ، ئايالى سەلىمە شابازوۋاغا (ھازىر ئۇ مەرھۇمە بولۇپ كەتتى) مۇكاپات گۇۋاھنامىسىنى تەقدىم قىلدۇق.

ئۆزىڭىزنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئەلچىخانىنىڭ چوڭ زالىدا چۆكمۈروف سۈرەتلىرى كۆرگەزمىسى ئاچتۇق. ئۇنىڭغا ئەستىلىك ئورنىتىشنى، تۇغۇلغان ئاۋۇلىدا، ئۇ تۇرغان ئۆينى مۇزېيغا ئايلاندۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى بىلەن ھۆكۈمىتىگە خەت يوللىدۇق.

**ئايتماتوف:** مانا ئەمدى جولۇنىڭ «قىرغىز ھۆسنى چۆكمۈروفنىڭ ھۆسنىدەك» دېگىنى ھېكمەتلىك سۆزگە ئايلىنىپ كەتمىدىمۇ؟ ئۆلۈم بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشىپ يۈرۈپمۇ نۇرغۇن ئەمگەك، نەمۇنىلىك تارىخ قالدۇرۇشقا ئۈلگۈرگەن، قىرغىز خەلقىنىڭ مۇشۇ قارىغايغا يارىشا ئۇنىڭەن پۇتاقتەك قەيسەر پەرزەنتىنىڭ ئەڭ مەزمۇندار ئىككىنچى ھاياتى—ئىجادىيەت ھاياتى باشلاندى.

ئېگىز تاغلارنىڭ چوققىسىنى دائىم بۇلۇت پۈركەپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، بىز پارىڭىنى قىلغان ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسىنى چۈشىنىشمەسلىك ئىللىتىنى ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئەمەس. ئەسىردىن ئەسىر ھالقىپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلەتلەرگە يىلتىز تارتقان مەنىۋى ئالىڭ بىلەن بەندىچىلىك كۈرىشىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز تالانتى ۋە قەيسەر مىجەزى بىلەن غەلىبە قىلىپ، مول ئەستىلىك قالدۇرۇپ، ئاسمىنىمىزدىن كەينى-كەينىدىن ساقىپ چۈشتى. ئۇلارنى ئەسلەش قالتىس بايرام. مەنىۋى دۇنيالىق كېچىپ، ئېڭىڭدا ئاپتاپ جىلۋە قىلغاندەك ھاياجانغا تولىسەن. دېمەك، مەيلى كىمنىڭ بولسىمۇ ئۆز دەۋرىدىن، زامانداشلىرىدىن بۆيۈك تۇرغانلىقىنى سۆزلەش دۇنياۋى مەدەنىيەتكە قوشۇلىدىغان ئۈلۈشنىڭ بىر تۈرى.

بىرىنچىدىن، بۇنداق ئەسلەش ئۆزىمىز ئۈچۈن ئېھتىياجلىق دېسەك؛ ئىككىنچىدىن، شۇ سىمالارنىڭ قەيسەر روھلىرى ئالدىدىكى ئىنىلىق، پەرزەنتلىك بۇرچىمىز ھەم ئۇلارنىڭ ۋاقىت يامغۇرى چايقاپ، كۆن قاقلىغان مۇقەددەس قەبرىلىرىگە سالغان بىر ئوچۇم تۇپرىقىمىز بولۇپ قالار.

(داۋامى بار)

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان قازاقچە «قىيادىكى ئۇۋۇچىنىڭ نالە-زارى» كىتابىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# ئەدبلەرنىڭ تىلى

ئەدبلەرنىڭ تىللاپ يازغان ماقالىلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. كېلىشتۈرۈپ، قاملاشتۇرۇپ تىللايدۇ، تىللىغان گەپلىرىنىڭ ئىچىدە ياخشى گەپ بار. تىللاپ يېزىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئەدبلەر جىگەرلىك ئادەملەردۇر. ئۇلار باشقىلارنىڭ داپلىرىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان، مەدداھەدەك مەدھىيىلەيدىغان ياللانما ئەدبلەردىن كۆپ ياخشى. لى ئاۋ «ئۈچ دۆلەت قىسسەسى»گە قايتا يازغان بېغىشلىسىمدا «لى ئاۋنىڭ يازغانلىرى ئۆركەشلەپ تۇرغان دەريا سۈيىگە ئوخشايدۇ، كۆپۈكلەرنى چايقاپ تاشلاپ، مەردۇ ـ مەردانىلەرنى ئايرىيدۇ» دېگەنىكەن. ئۇ مېنىڭ يازغانلىرىم 500 يىلغىچىمۇ 1 ـ لىكتىن قالمايدۇ، دەپ ماختانغاندا، بەزىلەر قايىل بولمىغانىكەن. لېكىن ئۇنىڭ ئەدبلەرگە خاس جىگىرى، جاسارىتى 5000 يىلدىمۇ تېپىلماسلىقى مۇمكىن. ئۇ شۇ دەرىجىدە تىللىغانكى، تىلغا قالغان مەلۇم بىر كاتتا ئادەم دېمىنى ئىچىگە تارتقاندا ئىشتىنى سىلىنىپ كەتكەنىكەن. شۇنداق رەسۋا قىلىدىغان ئىشمۇ پەقەت لى ئاۋغا ئوخشاش جىگەرلىك ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئەدبلەر قولىدىكى قەلەمنى خەنجەر قىلىپ ئىشلەتكەندە ئەدىب ئەمەس، جەڭچى بولۇپ قالىدۇ. لى ئاۋ «گومىنداڭ پىرقىسى ئەلگە بالا، خەلققە ۋابادۇر»، «گومىنداڭچىلار ئۇچىغا چىققان قىزىلكۆز ئالدامچىلاردۇر»، «سەنمىنجۇيى مەسلىكى پاھىشلەرنى يامرىتىۋەتتى» دەپ تىللىغانىكەن؛ گومىنداڭچىلارنى ئۆزلىرى تارقاتقان زايومدىن تېنىۋېلىپ، قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان «شەرمەندە مۇتتەھەملەردۇر!» دەپ تىللىغان؛ گومىنداڭچى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن «جاق تويدۇق»، «جاڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ ھېساباتى دەپتەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆردۇم، ئۇيان ـ بۇيان ۋاراقلاپ كۆردۇم. قارىسام ھەممە ۋارىقى ساختا ھېساب بىلەن تولغان ئىكەن» دەپ تىللىغان. «گومىنداڭنىڭ ‹ھۆسن ـ جامالى› توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدە مۇنداق قالتىس پەيزىلىك سۆھبەت بار ئىكەن. لى ئاۋ گومىنداڭچىلاردىن بىزار بولۇش تۇرماق، ھەتتا ئۇلاردىن يىرگىنىدىكەن. سوئال: ئۇلارنى ياخشى كۆرمەمسىز؟ جاۋاب: ئۇلاردىن بىزارمەن. سوئال: ئۇلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئاز ـ پاز بولسىمۇ يازسىڭىز بولمامدۇ؟ جاۋاب: مەن ئۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەردىن ئەمەسمەن.

مارك تىۋېن قالتىس چوڭ گەپ قىلىپ: «پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ يېرىمى ئىتتىن تۇغۇلغان ئىكەن» دەپتىكەن، پارلامېنت ئەزالىرى بۇ گەپكە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىر ئاشكارا سورۇندا: «قىلغان سۆزۈمنى قايتۇرۇۋالاي، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ يېرىمى ئىتتىن تۇغۇلماپتىكەن» دەپتۇ. مارك تىۋېننىڭ ئەسەرلىرىدە تىل ـ كىنايە، ھەجۋىي كۆپ. يازغان ماقالىلىرى بىلەن داڭقى چىقارغان بەيياڭ نامىلىق يەنە بىر يازغۇچى بار. ئۇ تىللاشقا ماھىر، ئۇ مەنسەپدار سولتەكلەرنى، ئەمىر ـ مەرۇپلارنى، ئىنسانىيەت رەزىللىكلىرىنى تىللىغان. ئۇنىڭ ماقالىلىرى كىشىنى ناھايىتى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ، ئۇ «رەزىل جۇڭگولۇقلار»نى تىللاپ يازغان. ئۇ جياڭ جيېشىنى ۋە ئۇنىڭ پۇشتىنى توغرىدىن ـ توغرا تىللىماق تەس، شۇڭا «جۇڭگولۇقلار» دەپ تىللىدىم، جۇڭگولۇقلارنى تىللىغىنىم يالغان، ئۇ-

لۇغ ھوقۇقدار مۇتەئەسسىپلەرنى تىللىغىنىم راست، دېگەنىكەن.

ئېلىمىزدە كونا زاماندىكى ئەدىبلەرنىڭ تولىسى جىگەرلىك، جاسارەتلىك ئىكەن. «غېرىب ـ مىسكىنلەرنىڭ ئاھ ـ زارى» دېگەن كىتاب يۇسۇگلىگىنىڭ جىن ـ ئەرۋاھلار ئارقىلىق زامانغا لەنەت ئوقۇغان ئەسىرىدۇر؛ جى شياۋلەن «بىۋاپا ئالەم خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىنى نەشتەردەك كەسكىن، ئۆتكۈر تىل بىلەن يازغان؛ يۈەن مى «تەلۋە مەمۇر»غا تېخىمۇ ئاچچىق ۋە ئۆتكۈر تىل بىلەن لەنەت ئوقۇغان. يەنى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر ئەمەلدار ۋەزىپە ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئەرۋاھى مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىمۇ يوقالمايدۇ، ئۇ ئەمەلدارنىڭ ئۆزى ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ «ئەرۋاھى» يەنىلا مەنسەپدارلىق ئورنىنى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ، تېخىمۇ ئاجايىپ يېرى شۇكى، تىرىك ئادەم چاققانلىق بىلەن كېلىپ، «ئەرۋاھ» بىلەن ئورۇن تالىشىدۇ. دېمەك مەنسەپ، ھوقۇق تالىشىدىغانلارنى تازا كېلىشتۈرۈپ تىللىغان.

لۇشۈن: «بىراۋنى بۇ جالاپ ئىكەن دېسەك، ئۇ راستىنلا سەتەڭلىك بىلەن جان باقىدىغان ئايال بولسا، دېگەن سۆزىمىز تىل ـ ھاقارەت بولمايدۇ، راست گەپ قىلغان بولىمىز» دەيدۇ. لۇشۈننىڭ ياللاقچىلارنى، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى قوڭالتاق ئېزىتقۇلارنى تىللىغىنىغا قىل سىغمايدۇ، تىللىغاندىمۇ تولىمۇ كېلىشتۈرۈپ تىللىغان. ئەدىبلەرنىڭ تىللىشىدا ئەدىبلەرگە خاس جىگەر ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ، بۇنداق جاسارەت «ئۈچ دۆلەت قىسسەسى»دىكى مەيدىسىنى كېرىپ مەيدانغا چۈشكەن باتۇر شۈيچۈنىڭ جاسارىتىگە ئوخشايدۇ.

جۇڭگودا ياللانما ئەدىب بار، چەت ئەللەردە لاگوردىيات (شان ـ شۆھرەتلىك) ئەدىب بار. ئۇلار مەدداھلاردۇر، ئۇلاردىن ھەممە ئادەم بىزار. لېكىن ئەدىبلەرنىڭ تىللىشى ئەدەبىيات ھۇزۇرىدىكى پەيزىلىك بىر ئىش. ھەزلى قىلىپ كۈلمەكنىڭ، غەزەپلىنىپ تىللىماقنىڭ ئۆزى گەپنىڭ ئىچىدە گەپ بار بىر ئەھۋال. بۇ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇاڭ تىڭجيەننىڭ كالامى. ئەدىبلەرنىڭ ئەنە شۇ دەرىجىگە تەلپۈنۈشى ۋە يېتىشى ئۈچۈن جاسارەت كېرەك. لۇشۈن ئەپەندى قەلىمىنى شۇنچىكىلا تەۋرىتىپ كامالەتكە يەتكۈزەتتى؛ لى ئاۋ «پىدائىي بولىمەن» دەپ كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چۈشكەنىكەن، ئۇلار ئەدەبىيات سەھنىسىنىڭ تۈۋرۈكلىرىدۇر.

---

سەن خەيفۇ ئىمزالىق بۇساتىرا «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2003 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇن سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

# «ھەمراھ» قويۇپ بېرىشكە مەنمۇ ياردەملەشكەن

1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كانىيى چېلىندى، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نەتىجىلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورما ۋاقتىدا كىچىكرەك بىر مول ھوسۇل كۆرگەزمىسى ئاچماقچى بولۇپ، مېنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا ياردەمگە ئەۋەتتى. شۇ چاغلاردا خېيبېي ئۆلكىسىنىڭ جىڭدىڭ ناھىيىسى بويىچە ئالىي مەكتەپنى رەسمىي پۈتتۈرۈپ چىققان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا ئىگىلىكى پەنلىرىنى ئوقۇغانلاردىن يالغۇز مەن بىرلا ئادەم بار ئىكەنمەن، يەنە تېخى ئۇنى ـ بۇنى يېزىش قولىدىن كېلىدىغان «كەم» تېپىلىدىغان قابىلىيەتلىك ئادەم ئىكەنمەن.

كۆرگەزمىنىڭ بىر مەزمۇنى باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىشتا ياراتقان رېكورتلىرى ئىكەن. مۇشۇ مەزمۇن بىزنى قالتىس ئالدىرىتىپ قويدى. «خەلق گېزىتى»دىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىش رېكورتى ھەر كۈنى «بۆسۈلۈپ» تۇرىدىكەن. بۈگۈن پالانى ناھىيىنىڭ رېكورتى مو بېشى بويىچە 3000 جىڭ بولغان بولسا، ئەتىسى 4000 جىڭ بولۇپ قالىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرگەزمىدىكى مەزمۇننى ھەر كۈنى ئۆزگەرتىپ تۇرمىساق بولمايدىكەن. ئەسلىشىمچە، ئاخىرقى بىر قېتىمدا غەربتىكى مەلۇم بىر ئۆلكە مو بېشى مەھسۇلاتنى 7000 جىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىش رېكورتىنى يارىتىپتۇ، يەنى ھەر بىر كۋادرات مېتىر يەردىن ئون نەچچە جىڭدىن ئارتۇق بۇغداي ئاپتۇ. بۇ ھەقتىكى مەلۇمات قېلىن بىر دەستە كېلىدىكەن. شۇ چاغدا مېنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىمگە تېخى بىر يىل بولمىغانىدى. نەزەرىيە جەھەتتە، ئەمەلىيەت جەھەتتە بىلىدىغانلىرىم ئاز بولسىمۇ، قانداق ئۇرۇق ۋە قانداق تەدبىر بىلەن شۇنچە

كۆپ ھوسۇل ئالغاندۇ؟ دەپ بىرئاز گۇمان قىلىپ قالدىم. بىراق ئۇ خەۋەر «خەلق گېزىتى»دىن چىقتى، ئۇ گېزىت بولسا پارتىيىنىڭ تىلى، «خەلق گېزىتى»مۇ يالغان سۆزلەرمۇ؟

كۆرگەزمە تۈگىگەندىن كېيىن، قۇرغاقچىلىققا قارشى ئىشلەش ئۈچۈن بىر كەنتكە يۆتكىلىپ باردىم. «قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش» دېگىنىمىز ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتكە بېرىپ ئەمگەك قىلىشتىن ئىبارەت. يېزىدا ئىككى ئاي تۇرۇش نەتىجىسىدە «يۇقىرى مەھسۇلات»، «يۇقىرى مەھسۇلات» دەيدىغان گەپلەرگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم. لېكىن كۆزدە ئىش بۆلەكچە قايناپ كەتتى. بۇنى شۇ چاغلاردا «سۇنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش» دەيتتۇق. يەنى ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارىنى خۇددى يەر شارىنىڭ سۇنئىي ھەمراھىدەك ھەم تېز، ھەم يۇقىرى ئۇچۇراتتۇق. بىر مو يەردىن 100 مىڭ جىڭ كۆممىقوناق ئېلىندى، بىر مو يەردىن 200 مىڭ جىڭ تاتلىقياڭيۇ ئېلىندى، بىر مو يەردىن 5000 جىڭ پاختا ئېلىندى ۋەھاكازا دېگەندەك. كۆڭلىمىزدە بىلىپ تۇرساقمۇ، لېكىن كىممۇ بۇنى زەي سالماي پاختا ئېتىۋاتىدۇ دېيەلىسۇن؟ ھەممىمىز ئىچىمىزدىلا بىلىپ قالاتتۇق، ئاغزىمىزدىن چىقىرالمايتتۇق. ھەممىمىز يالغان ئېيتىۋاتساقمۇ، يۈرىكىمىز ئويناپ كەتمەيتتى، يۈزىمىز قىزارمايتتى. چۈنكى يالغان گەپ قىلىش «سىياسىي ۋەزىپە»گە ئايلىنىپ قالغان.

بىر كۈنى، تېخنىكا پونكىتىنىڭ باشلىقى مېنى گۇڭشې (كوممۇنا)غا چاقىرتىپ بېرىپ، قولۇمغا نەچچە ئون پارچە «ھەمراھ» جەدۋىلى بەردى، جەدۋەللەردە كۆممىقوناق، تاتلىقياڭيۇ، يېسۋىلەك ۋەھاكازا يېزىلغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى نەچچە ئون مىڭ جىڭدىن ئىكەن. لېكىن شۇنداق كۆپ ھوسۇل ئېلىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى يېزىلماپتۇ. پونكىت باشلىقى ماڭا، بىر ئاخشامدىلا چارە ـ تەدبىرلىرىنى يېزىپ چىقىسەن، دەپ بۇيرۇق قىلدى. مەن بولسام يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئادەم، شۇنداق «چارە ـ تەدبىر»لەرنى يېزىشقا ھەرھالدا يارايمەن، لېكىن يۈرىكىمدىكى دەردىمنى تېشىغا چىقىرالمايمەن. ئەھمىيەتسىز ئىشنى قىلسامغۇ كارى چاغلىق، لېكىن قاراپ تۇرۇپ شۇنداق ئالدامچىلىق قىلامدىمەن؟

10 ـ ئاينىڭ بېشىدا، شىكۇ كەنتىدىكى چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىر مو يەردىن 60 نەچچە مىڭ جىڭ شال ئالدى، راسا يوغان بىر «ھەمراھ» قويۇپ بەردى، دېگەن خەۋەر كېلىپ قالدى. بۇ خەۋەرنى مەنمۇ ئاڭلىغاندىم، ئەمەلىيەتتە شال دان تۇتىدىغان چاغدا ئۇلار يەتتە ـ سەككىز مو كېلىدىغان ئېتىزلاردىكى شالنىڭ كۆكىنى يۇلۇۋېلىپ بىر ئېتىزغىلا تىكىپتۇ، شال كۆكلىرىنىڭ قېلىنلىقىدىن ئۈستىدە كىچىك بالىنى ئولتۇرغۇزغىلى بولىدىكەن، بۇنداق قېلىن شاللىقتا ھېلىغۇ توخۇ تۇخۇمى ئىكەن، ھەتتا يىڭنىمۇ چۈشۈپ كەتمەي تۇرۇشى مۇمكىن. شۇنداق ساختىلىققا مەنمۇ زۇۋانسىز قارشىلىق كۆرسەتتىم، يەنى نەق مەيدانغا بارماسلىق چارىسىنى قوللاندىم، شۇنداق بولسىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدىم. پو تولىمۇ چوڭ ئېتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلكە رەھبەرلىرىگىمۇ تو كېتىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك بولۇپ، ناھىيىدىن ئۆز ۋاقتىدا خېبېي ئۆلكىسىگە قارايدىغان جىڭخەي ناھىيىسىدىكى «ئۆلكىلىك شال تەتقىق قىلىش ئورنى»دىن بىر يولداشنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى، ئۇنىڭغا مېنى قوشتى، ھېلىقى «قىممەتلىك تەجرىبە»نى خۇلاسىلەپ چىقىرىدىغان بولدۇق. ھېلىقى يولداش نەنجىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن كىشى ئىكەن، ئىشنىڭ تېگى ھەر ئىككىمىزگە مەلۇم. بىز جۇجياجۇاڭ چوڭ ئەترىتىنىڭ بىر ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، قانداق يازىمىز، قانداق يازساق قۇسۇر چىقمايدۇ؟ دەپ باش قاتۇردۇق. كېيىن مەن بۇ يەردىكى تېخنىكا پونكىتىنىڭ باشلىقىدىن سوراپ باقايلى دېدىم. شۇ چاغلاردا شۇنداق خۇلاسە چىقىرىدىغان ئىشلار ئىشلەنگەنىكەن، شۇنداق «ھەمراھ»نى پۈتتۈرۈشتە «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش» كېرەك ئىكەن، يەنى رەھبەرلەر، پېشقەدەم دېھقانلار ۋە تېخنىك خادىملار بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك ئىكەن. پونكىتنىڭ باشلىقى تېخنىكىنى بىلمىسىمۇ، تېخنىك كادىر دېگەن سۈپەتتە قاتناشتۇرۇلىدىكەن. پونكىت باشلىقىدىن مو بېشىغا 60 نەچچە مىڭ جىڭدىن ھوسۇل ئالدۇق دېگەن گەپتە كۆپتۈرۈۋەتكەن ئىش يوقمىدۇ؟ دەپ سورىساق، ئۇ دۇدۇقلىمايلا، بار، دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا بىزگە جان كىردى. ئۇ راست گەپ قىلىدىغان بولدى، بىزمۇ يالغانچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىپ قالىدىغان بولدۇق، دېگەن ئۈمىد پەيدا بولدى. ئۇ: «ئەسلىدە 80 نەچچە مىڭ جىڭدىن ھوسۇل ئېلىندى، دەپ مەلۇم قىلماقچى بولغانىدۇق، كېيىن ھاكىم بىز بىلەن بىللە تۆپىدە تۇرۇپ، بىر ـ بىرلەپ جىڭلاپ چىققاندىن كېيىن، 60 نەچچە مىڭ جىڭغا توختىتىپ بەرگەن» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئامالسىز قالدۇق، پونكىت باشلىقى پو

ئېتىشقا باشقىلاردىنمۇ ئۇستا ئىكەن.

خۇلاسىنى يېزىپ پۈتتۈرۈشكە ئۈچ كۈنلـۈك ۋاقـىت
بېرىلگەنىدى. 3 ـ كۈنى كەچقۇرۇن بولغاندا، شال تەتقىـ
قات ئورنىدىن كەلگەن يولداشتىن شال كۆكىنى سىغداپ
تىككەن ئەھۋالنى خۇلاسە ماتېرىيالىغا قانداق كىرگۈزـ
مىز؟ دەپ سورىسام، ئۇ تەڭلا خىجالەت بولۇپ: «ئۇ
ھەقتە ئېغىز ئاچمىساق بولارمىكىن» دېدى.

خۇلاسە ماتېرىيالىنى پۈتتۈرۈپ تاپشۇرۇپ يەردۇق،
كېيىن ئاڭلىساق، مەركەزدىكى رەھبەرلەرگە يوللاپ بېرىـ
شىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن 1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىكۇ
كەنتىنىڭ تاملىرىغا «ھەر مو يەردىن 100 مىڭ جىڭ ھو-
سۇل ئېلىپ، ماۋجۇشىنى كۈتۈۋالايلى!» دەيدىغان شو-
ئارلار يېزىلدى.

ناھىيە ھاكىمى تەييارلىغان «ھەمراھ» ئاسمانغا چىقـ
تى. ئۇنىڭ كەينىدىن جۇيياڭچياۋ گۇڭشېسىنىڭ شۇجىسى
(سېكرېتارى)نىڭمۇ بىرەر «ھەمراھ» تەييارلاپ ئاسمانغا
چىقارغۇسى كەپتۇ. ئۇ بىر كۈنى مېنى ئىشخانىسىغا چاـ
قىرتىپ، شىكۇ كەنتىنى دوراپ، 15 مو يەرنىڭ شال مايـ
سىلىرىنى بىر مو ئېتىزغىلا سىغداپ كۆچۈرسەك قانداق؟
دېدى. ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ دېـ
دىم. بىر مو يەر 666 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، 15 مو يەرـ
دىكى شالنى بىر ئېتىزغا سىغدىساق، 666 كۋادراتتىن ئېـ
شىپ كېتىدۇ، دېدىم. سېكرېتار مەيلى قانچىلىك بولسا
بولسۇن، «ھەمراھ»دىن بىرەرنى ئاسمانغا چىقىرىشىمىز
كېرەك، دېدى. لېكىن مەھسۇلات مىقدارىنى ھاكىمـنىڭ
مۆلچەرىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي، 35 مىڭ جىڭ قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاخىرىدا بۇ خىزمەتنى سىز ئۆزـىڭىز
توغرىلاڭ دېدى. نائىلاج ئون نەچچە نەپەر گۇڭشې ئە-
زاسىنى باشلاپ، «ھەمراھ» ياساشقا كىرىشىپ كەتـتىم.
گۇڭشېنىڭ سېكرېتارى باشلىق، ئاقساقاللار ئېتىز بېشىدا
ھەيدەكچىلىك قىلدى. شۇنداق قىلىپ، جۇيياڭچياۋ گۇڭـ
شېسى شال تېرىقچىلىقى بويىچە كەينى ـ كەينىدىن ئىككى
«ھەمراھ» ئۇچۇردى. شۇ «ھەمراھ»لارنىڭ ئاقىـۋىـتى
قانداق بولدى؟ گەپ بۇ يەردە، كۆممىقوناق «ھەمراھ»ى
ئۈستىدە بولغان بولسا، ئۇ گەپلەر پاختۇۋەن قىلىپ ئاتقان
پودىنىلا ئىبارەت بولۇپ قالاتتى. بۇغداي، كۆممىقوناقتىن
ھەرھالدا ئاز ـ تولا ھوسۇل ئالغىلى بولىـدۇ. لېـكىن
«شال»دىن «ھەمراھ» تەييارلاش تامامەن باشقـىچە
گەپ. چۈنكى شال مايسىلىرى ئۆسۈپ باش ئالىدىغان

(دان تۇتىدىغان) چاغدا، ئۇلارنى يۇلۇپ باشقا بىر يەرگە
كۆچۈرسىڭىز، تۈپلەر شامال ئۆتكۈزمەيدىغان دەرىجىدە
قويۇق بولغاچقا، تېزلا ئۆلۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
يەتتە ـ سەككىز مو يەردىكى «ھەمراھ» ئۇچۇرۇشقا نىـ
شانلانغان شۇنداق يەردىن ھېچقانداق ھوسۇل چىقمىغان.
گۇڭشې ئەزالىرى زار قاقشاپ، بىزنى ئارقىمىزدىن تىللاپ
يۈردى. بىزگە نېمە ئامال؟ ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك ئىنسـ
تىتۇتىنىڭ بىر پروفېسسورى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئاكادېـ
مىيىسىنىڭ بىر مۇتەخەسسىسى شۇ يىلى بىرلىكتە «بۇغـ
دايدىن مو بېشىغا 100 مىڭ جىڭ ھوسۇل ئېلىش تەدبىـ
رى» ناملىق بىر كىتابچە يېزىپتۇ، ئۇ كىتاب ئـاشـكـارا
تارقىتىپ سېتىلدى. ئېلىمىزنىڭ ئالىي دەرىجىلىك بىر فىـ
زىكا ئالىمى تېخى «خەلق گېزىتى»دە ماقالىمۇ ئېلان
قىلىپتۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، ئاپتاپتىن ئىمكانقەدەر تـولـۇق
پايدىلانغاندا، ھەر مو يەردىن 30 ـ 40 مىڭ جىڭ ھوسۇل
ئېلىش مۇمكىنمىش.

بىز ھەممىمىز بىچارە ئادەملەر ئىكەنمىز، ئۆزىمىزگە
گەپ كەلتۈرمەي جان ساقلايدىغان مۇغەمبەر بولۇپ قاپـ
تۇق. مانا بۇ ئەھۋال سىياسىي مۇھىتىمىزنى يامانلاشتۇـ
رۇۋەتتى، ھەق گەپ قىلىدىغان ئادەملەر قاتارىدىن چەتكە
چىقىپ قالدۇق. شۇنداق ئەمەسمۇ ـ يا؟! سەن راست گەپ
قىلساڭ رەھبەرلىرىڭ سىغدۇرمايدۇ، ئەتراپىڭدىكى خىزـ
مەتداشلىرىڭمۇ سىغدۇرمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر سىياسىي
ھەرىكەت باشلىنىدۇ ـ دە، «ئوڭ ئاغمىچىلار»نى تۇتىـ
دىغان ئىش باشلىنىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ناھىيىلىك پارتكوـ
مىمىزنىڭ سېكرېتارى بىر نەچچە ئېغىز ھەق گەپ قىلـ
غانلىقى ئۈچۈن «ئوڭ ئاغمىچى» دېگەن قالپاق كىيدۈـ
رۈلدى. شۇ زامانلاردا ھەق گەپ قىلىشقا مانا مەن، دەپ
ئوتتۇرىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەملەرنىڭ ياخشى
كۈنگە قالغىنى ئاز.

1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» باشلانـ
دى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئادەم پولات تاۋلاش بىلەن
شۇغۇللاندى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۈچ يىل مەملىكەت بوـ
يىچە ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن ئادەم ئاچلىقتا
ئۆلۈپ كەتتى! شۇ چوڭ پاجىئەنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم،
قىلمىشلىرىمىزنى ئوبدان ئويلىنىپ بېقىشىمىز لازىم.

---

ۋاڭ يۈخۇي ئىمزالىق بۇ ئەسلىمە «فېلىيەتون» گېزىتىنـىڭ
2003 ـ يىلى 27 ـ ماي سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

# فىلىيەتونچىلار

كەمىنە قەلەم ئىگىسى ئانچە ـ مۇنچە فىلىيەتون يېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، مەزمۇنى كۆپىنچە مېنىڭ ئۆزۈم بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. شۇڭا بەزىلەر مېنى «چاتاق تاپقۇچى» دەپ قارايدىكەن. دەسلەپتە بۇنىڭغا پەرۋاسىز يۈرۈپتىمەن. كېيىنكى كۈنلەردە ۋالىڭ دېخۇ ئەپەندىنىڭ «لۇشۈننىڭ يۈرەك سىرى» دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ قالدىم. ئۇنىڭ «چاتاق تاپقۇچى بولايلى» دېگەن سەرلەۋھىلىك بىر بابىغا قارىسام، ئۇ «چاتاقچى»، «چاتاق تاپقۇچى» دېگەن سۆز بىلەن دەل فىلىيەتونچىلارنى سۈپەتلەپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ئاتاقنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئۆزۈمگە ئالدىم. مەن ئۆزۈمنى ھەققانىيەتچى، ھەق گەپ ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىدىغان شاھىمەردان، ھەتتا شىر يۈرەك باتۇر، دەپ پەردازلىيالمايمەن. «چاتاقچى» دېگەن ئاتاقنى ماقۇل كۆرۈشۈمنىڭ ۋە ئۇنىڭغا خۇشتار بولۇشۇمنىڭ سەۋەبى شۇكى، لۇشۈننىڭ ئۆزى قالتىس «چاتاقچى» ئىدى.

لۇشۈن شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا «جۇڭگولۇقلار يازغان كىتابلارنى ئاز ئوقۇيلى، چاتاقچىلاردىن بولايلى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن. كېيىنكى كۈنلەردە شۇي گۇاڭپىڭغا يازغان سالام خېتىدە: «بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىرى كۇڭزىنىڭ مۇرىتى ئىكەن. ئۇلار ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى مېنى ھەپتىلىك يىغىندا نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. مەن يەنىلا ‹جۇڭگولۇقلار يازغان كىتابلارنى ئاز ئوقۇيلى› دەيدىغان مەسىلىكىمنى سۆزلىدىم ھەممە ئوقۇغۇچىلار ‹چاتاق تاپقۇچى› بولۇشى لازىم دېدىم. بۇ گەپلىرىم مۇدىرغا ناھايىتى ياقتى بولغاي، ئۇ چېن جياگېڭمۇ ‹چاتاقچى› ئادەم ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپ ئاچقانىكەن، دېگەن گەپلەرنى قىلدى. ئۇ بۇ گەپلىرىنىڭ كۇڭزىغا ئىخلاس قىلىشقا زىت ئىكەنلىكىنى سەزمەيدىكەن. بۇ يەردىكىلەر ئەنە شۇنداق قاپاقباش ئىكەن» دەپ يازغان. كۇڭزىچىلىق مەزھىبى قەيدى قانا بولۇڭلار، ئۆز رىزىقىڭلارغا قانائەت قىلىڭلار، بىھۇدە ئىشلارغا چېپىلماڭلار، دەپ تەلىم بېرىدۇ. كۇڭزىنىڭ 8 ـ پۇشتى كۇڭ سۇڭزى «جاھاندا چاتاق چىقىرىدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى، چاتاق تېپىش گۇناھتۇر» دەپ زارلانغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈن ھېلىقى مۇدىرغا «يېقىپ كەتكەن» گەپلەر شۇ مۇدىرنىڭ «كۇڭزىغا ئىخلاس قىلىشقا زىت» دېگەن.

لۇشۈننىڭ شۇ قېتىمقى نۇتقى كېيىنكى كۈنلەردە تولۇق خاتىرىسى بىلەن ئېلان قىلىنماي، ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھەپتىلىك مەجمۇئەسىدە مۇنداق چالا ـ پۇچۇق ئېلان قىلىنغان:

كىشىلەرنىڭ چاتاقچىلاردىن نارازى بولۇشىنى «قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتەي، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، چاتاق دېگەن سۆزدە بىرەر ئىش يۈز بەرسىلا ئۇنى يۇۋلەپ ـ يەلپۈپ يوغىنىتىش، دەيدىغان مەنا بارمىش. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. مېنىڭ قارىشىمچە، جۇڭگودا ھازىرقى كۈندە چاتاق چىقىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم ئاز ئەمەس، جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق بىر ئىشتا چاتاق تاپىدىغان ئادەملەر بولغاندىلا ئاندىن يېڭىلىق ياراتقىلى، كۈندىن كۈنگە راۋاج تاپقىلى بولىدۇ... ھەر بىر ئادەمنىڭ پىكرى ـ خىيالى، ھال ـ ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ، ھەممە ئادەمنى ناھايىتى چوڭ چاتاقچىلاردىن بولۇڭلار، دەپ ئۈندەشكە پېتىنالمايمەن. لېكىن كىچىك، ئۇششاق چاتاقلارنى سېلىپ كۆرەيلى، مەسىلەن: دۇچ كەلگەن شەيئىلەرگە ئۆز لايىقىدا كىچىككىنە تۈزىتىش بېرىش، ئوڭشاش، ۋەھاكازا. بۇنداق ئىشلار ئۇششاق، كىچىك بولسىمۇ، ئادەتتە كۆڭۈل بۆلمىگۈچە توغرىلانماي كېتىۋېرىدۇ. بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلمىسا، توغرىلاش يولىدا جان كۆيدۈرگەن چاتاقچىلارنى، بولۇپمۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان چاتاقچىلارنى چاكىنىلىق بىلەن مەسخىرە قىلماسلىقىمىز لازىم...»

بۇ بايانلار لۇشۈننىڭ شۇ قېتىمقى نۇتقىنىڭ جەۋھىرىنى ئاساسەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى لۇشۈن ئەپەندى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پىكرىنى باشقا سورۇنلاردىمۇ كۆپ بايان قىلغان. دېمەك لۇشۈن «چاتاقچى»لارنى ناھايىتى يارىتىدۇ ۋە ئۆزىمۇ چوڭ «چاتاقچى» دەپ تەرىپلىنىشكە يارايدۇ.

شۇنداق بولسا، «چاتاقچى» بولۇپ قالغان «فىلىيەتون»لار قانداق «چاتاق» قىلىدۇ؟ ۋالىڭ دېخۇ ئەپەندى

«لۇشۇننىڭ يۈرەك سىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق ئېنىق جاۋاب بەرگەن: «بەزىلەر لۇشۇن نېمە ئۈچۈن فېلىيەتون يازغان بولغىيتى؟ دەپ سوئال قويىدۇ. ئۇلار فېلىيەتونچىلارنىڭ چاتاقچى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايدۇ. لۇشۇن ئادەملەرنىڭ ئىنسانىيلىق ئىللەتلىرىگە، دەرد ـ ئەلەملىرىگە، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكلىرىگە سەۋرى ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ. شۇنداق ئەھۋاللارنى كۆزى كۆرۈپ قالسا، قۇلىقى ئاڭلاپ قالسا، گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ئوقۇپ قالسا، شۇنداق ئەھۋاللارنى يوقىتىشنىڭ بىرەر ئامالى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئۈمىد بىلەن دەرھال ئۆزىنىڭ پىكرىنى يېزىپ ئارىلىشىدۇ. ئۇنىڭ تۈگىمەس ـ پۈتمەس فېلىيەتونلىرىغا ھەقىقەتەن تەنقىدلەش توغرا كەلگەن پاكىتلارنىڭ تۈگىمەسلىكى سەۋەب بولغان. تەنقىدلەپ ئوڭشاش زۆرۈر بولغان پاكىتلارنى ئوڭشىماي، تەنقىدلىگۈچىنى «چاتاق» قىلدى، دەپ يامانلىسالىڭ ئەيىب كىمدە بولىدۇ؟

لۇشۇن «چاتاقچى» بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، بەلكى ئىنسانىي ھاياتلىق سەھنىسىدە فېلىيەتون يېزىش ئۇسۇلى بىلەن «چاتاقچى» رولىنى ـ باش رولىنى كۆچەپ ئىجرا قىلغان. بۇنىڭ ئاساسەن مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار: بىرى ئۇنىڭ «چېپىلغاقلىق» توغرىسىدىكى كۆز قارىشى. چاتاقچىلار تولا چاغلاردا جۇڭگو ئادەملىرىنى بىزار قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭغا «ھەممە ئىشقا چات كىرىپ چېپىلىۋېلىش» ئەھۋالى زامىن بولۇپ قالىدۇ. ۋەھالەنكى بۇ ھەقتە لۇشۇننىڭ كۆزقارىشى تامامەن باشقىچە: «مېنىڭچە ھازىر جاھاندا چېپىلغاقلىق قىلىش» دەيدىغان ئىش بولمىسا كېرەك. بىراق چېپىلىدىكەن، شۇ ئىشقا ئاز ـ تولا مۇناسىۋىتى بولماي قالمايدۇ. ئىنسانىيەتكە مېھرىبان بولۇشمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسان بالىسى بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.» فېلىيەتونچىلارمۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى ئەھۋاللارمۇ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يامانغا پەشۋا، ياخشىغا مەدەت بېرىپ، جەمئىيەتنى ئوڭشايدىغان ئىشلارنى قۇربى يەتكىنىچە قىلىدۇ. يەنە بىرى لۇشۇننىڭ «شۇك قاراپ تۇرۇش» توغرىسىدىكى قارىشى. لۇشۇن جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ «شۇك قاراپ تۇرۇش» روھىي ھالىتىگە نەشتەر ئۇرغان. ئۇنىڭ قارىشىچە: «جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتى، ئادەملەر يامانلىقنى تەرغىب قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، كۆندىن ـ كۆنگە بەتتەرلىشىپمۇ كېتىدۇ؛ تەرغىب قىلماي بىر چەتتە تاماشا قىلىپ، ھەسرەتلىنىپ شۇك تۇرغان تەقدىردىمۇ «كۆندىن ـ كۆنگە بەتتەرلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.» بىر چەتتە شۇك قاراپ تۇرغانلارنىڭ ئۆزى يامانلىق قىلمىغان تەقدىردىمۇ، يامانلىق قىلىۋاتقانلارغا يول قويىدى، سۈكۈت قىلدى، دېگەن گۇماندىن خالىي بولالمايدۇ. «قاراپ تۇرغۇچى»لاردىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈنمۇ «چاتاقچى» بولۇش كېرەك! فېلىيەتونچىلار كاللىسىنىمۇ يېمەيدىغان، چىشىنىمۇ چاقمايدىغان، «پەرۋايىم پەلەك» دەيدىغان چىكارىگەرلەردىن بولۇپ يۈرگۈسى كەلمەيدىغان ئادەملەر ساختىلىق، رىيالىق، پەس ـ رەزىللىك ۋە قەبىھ ـ ياۋۇزلۇقلارغا «چاتاق» سالغۇچى سۈپەتتە قاپاق تۈرۈپ قارشى چىقىدۇ.

شۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇكى، ھازىرقى فېلىيەتون ئاپتورلىرى قوشۇنى ئىچىدە كۆمەكمۇ بار، گۆرۈچمۇ بار، شۆھرەتپەرەسلەر، بۇردىچىلار دېگەندەك يارىماس، ساختىپەزلەرمۇ يوق ئەمەس. لېكىن ھەقىقىي فېلىيەتونچىلارغا لۇشۇن تەرىپلىگەن «چاتاقچى»لار بىلەن تەبىر بەرسەك، مېنىڭچە ھەم دەل، توغرا قىلغان بولىمىز، ھەم ئۆزىمىزنى ماختىغان بولمايمىز. (ئەكسىچە بولسا مەسخىرىگە قالىمىز). بۇنىڭدىن باشقا، نادىر فېلىيەتونچى «چاتاقچى» بولغاندىن تاشقىرى «قەلەمدە ماھىر» بولۇشى لازىم، يەنى فېلىيەتوننىڭ بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى ھېكمەتلىرىنى پىششىق بىلىپ، «چاتاق»نى بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن سېلىشى لازىم. ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكى فېلىيەتونچىلار ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ «چاتاق» سالىدىغان «شاگىرت»لىكتە قېلىۋېرىدۇ.

---

يى جى ئىمزالىق بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2002 ـ يىل 13 ـ سېنتەبىر سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

* فېلىيەتون ــ ئەسلىي فرانسۇز تىلىدىكى سۆز بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئىجتىمائىي ھاياتتا يۈز بەرگەن سەلبىي ھادىسىلەرنى ئۆتكۈر تىل بىلەن مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلىپ يېزىلغان تەنقىدىي ماقالە. ئاللىقاچان خەلقئارالىشىپ كەتكەن بۇ دۇنياۋى ئورتاق ئاتالغۇ بىر چاغلاردا بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدا «زاۋىن» دېگەن خەنزۇچە ئاتالمىسى قوللىنىلغان بولسىمۇ، كېيىنچە «پارچە تەسىرات»، «قىسقا مۇلاھىزە»، «ئەبجەش گەپلەر»، «قىرتاق پارالڭ» ھەتتا «زامان تەقەززا پىكىرلەر»، «ھەق گەپ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلمەكتە. بىر يىلتىزنىڭ شۇنچە شاخلاپ ـ كۆكلەپ تۇرغانلىقى فېلىيەتوننىڭ ھەقىقەتەن زامان تەقەززا بولۇپ تۇرغان «ھەق گەپ» ئىكەنلىكىنى، ھاياتىي كۈچىنىڭ جۇشقۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە ئېنىق، روشەن بولسۇن دېسەك، «فېلىيەتون»نى ئومۇملاشتۇرساق ئىكەن.

ــتەرجىمان ئىزاھاتى

**توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى**

**مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت**



# باتۇرلۇق كۈيى

## بۆرە ھۇۋلار، تۆگە بوزلار، ئادەم...

مشول مولا فرانسىيە ئاخبارات ساھەسىدىكى داڭلىق ئۆرپ ـ ئادەت سۈرەتچى ھەم پىشقان ئېكسپېدىتسىيىچى بولۇپ، ئۇ 2000 ـ يىل 5 ـ ئايدا بىر ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىرگە ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سەھرايى كەبىرگە يەرلىك قەبىلەلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى سۈرەتكە ئېلىشقا كەلگەنىدى. مشول مولا ئون نەپەر ئالىم بىلەن بىرگە ماۋرىتانىيىنىڭ پايتەختى نوۋاكشوتتىن قۇملۇققا يېتىپ بېرىپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە سەھرايى كەبىرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، غەربىي سەھرايى كەبىرنىڭ مور قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان جايغا بارماقچى ئىدى. بىراق، دەل مۇشۇ پەيتتە مشول تولغاق بولۇپ قېلىپ، ئۆمەكتىكىلەردىن ئايرىلىپ، ئۆزى يالغۇز ئاتاتار كەنتىدە داۋالىنىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن ساقايدى. ئۇ تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن «چاچا» ئىسىملىك بىر تۆگىگە ئون لىتىر سۇ ۋە باشقا جابدۇقلارنى ئارتىپ يولغا چىقتى. چەكسىز چۆللۈك، پىژغىرىم ئىسسىقتا پەقەت تۆگە چاچانىڭ بويىنىدىكى قولدۇرمىدىن چىققان رىتىملىق ئاۋازلا ئەتراپتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

مشول يۆنىلىشنى كومپاسقا تايىنىپ توغرىلاپ كېتىپ باراتتى. بۇ قۇملۇقتا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، قاق چۈش بولغاندا چىدىغۇسىز پىژ ـ پىژ ئىسسىق بولسا، كەچتە تېمپېراتۇرا بىراقلا نۆلدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ قالىدۇ. مشول يېپىنچىلىرىنى تولۇق ئېلىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما كەچ كىرگەندە ئۇ يەنىلا سوغۇقتىن جالاقلاپ تىترەپ كېتەتتى. بۇ چاغدا تۆگە خۇددى ئۇنى چۈشەنگەندەك ئۇنىڭ يېنىغا چۆكۈپ ئۆز تېنىدىكى ھارارەت بىلەن مشولنىڭ جىسمىنى ئىللىتاتتى.

مشول يولغا چىقىپ 3 ـ كۈنى يىراقتا بىر نەرسىنىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۆنىلىشنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى ـ دە، ئالاھازەل ئىككى سائەت يول يۈرۈپ شۇ جايغا يېتىپ باردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇم بارخانلىرى خۇددى قۇياش نۇرى كۆل سۈيىگە چۈشكەندە ئەكس نۇر قايتۇرغاندەك پارلاپ چاقناپ تۇراتتى. بۇ جاي ئەسلىدە قۇملار ئارىسىغا مېتال زەررىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن تەبىئىي ئۇۋاق تۆمۈر كېنى ئىدى. مشول ئۆزىنىڭ بۇ بايقىشىدىن خۇشال بولۇپ، خەرىتىنى ئېلىپ بۇ جاينىڭ ئېنىق ئورنىنى بېكىتمەكچى بولدى. بىراق، كومپاسنىڭ كۆرسەتكۈچى قېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تۇرۇۋاتقان جاينىڭ دەل بىر ماگنىتلىق كان ئىكەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى، كۈچلۈك ماگنىت مەيدانى كومپاسنى ئىشلىمەس قىلىپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نىشاندىن ئېزىپ قالدى.

تونۇردەك قىزىغان قۇملۇقتا تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، ئاپتاپ مشولنىڭ گەجگىلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىققان تەر ئۈستىۋاشلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قۇملۇققا تىزلاندى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يۈزىگە ئىسسىق بىر ھىد ئۇرۇلدى. ئەسلىدە تۆگە چاچا ئۇنىڭ يۈزىنى يالاۋاتاتتى. مشول دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تۆگىنىڭ بويىنىنى سىلاپ: «بۇرادەر، بىز ئېزىپ قالدۇق. ئەمدى مېنىڭ جېنىم ساڭا باغلىق» دېدى. تۆگە خۇددى ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەندەك بىر نەچچە دەقىقە شۈك تۇرغاندىن كېيىن، بۇرۇلۇپلا قۇملۇقنىڭ غەربىگە قاراپ يول ئالدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن مشولنىڭ دېمىقىغا ئاز ـ تولا سالقىنلىق ئۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەتراپ يەنىلا چەكسىز قۇملۇق ئىدى.

5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مشول ئەڭ ئاخىرقى تامچە سۈنى ئىچىپ بولدى. ئۇ بەكلا چارچاپ كەتكەچكە، كۆزىنى يۇمۇپلا ئۇيقۇغا غەرق بولدى. يېرىم كېچە بولغاندا تۆگە تۇيۇقسىز چۆككەن جايىدىن قوپۇپ، قۇمنى ئەنسىز چاپچىغىلى تۇردى. چۆچۈپ ئويغانغان مشول كۆز ئالدىدىكى كۆرۈنۈشتىن تېنى شۈركۈنۈپ، ئىككى پۇتى سىرقىراپ، يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشتى. قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ كېچىدىكى قۇملۇقتا بىر نەچچە يېشىل نۇرلار ئانچە يىراق بولمىغان جايدا چاقناۋاتاتتى. مشول ۋە ئۇنىڭ تۆگىسى قۇملۇقتىكى ئەڭ ۋەھشىي يىرتقۇچ چىلبۆرىگە ئۇچرىغانىدى.

قورققىنىدىن بەدىنى تىكەنلەشكەن مشول سەل ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، چاقمىقىنى ياندۇردى. ئەتراپ ۋاللىدە يورىدى. يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۆرىلەرنىڭ قەدىمى چىپپىدە توختاپ قالدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە مشول خەنجىرىدە يېپىنچا ـ سېلىنچىلىرىنى كېسىپ بىر پارچىدىن، بىر پارچىدىن كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. چۈنكى تاڭ يورۇشقا يەنە ئۈچ سائەت بار ئىدى. مۇشۇ ئۈچ سائەتتە كۆيدۈرۈشكە بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ۋاقتىنچە ساقلىنالايتتى. شۇنداقلا ئۆزىگە قىممەتلىك ۋاقىت ئۇتۇپ ئالالاتتى. بۇ ۋاقىت ئۇنىڭ ھايات ـ ماماتى ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم، بەك قىممەتلىك ئىدى.

چىلبۆرىلەر مشول ۋە تۆگىگە خىرىس قىلىپ يېقىنلىششقا باشلىدى. چىلبۆرىلەر جەمئىي ئالتە ئىدى. چىلبۆرىلەر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، تۈكلىرىنى پاخپايتىپ، ھۇرپىيىپ، ھۇۋلاپ خىرىس قىلاتتى. چىلبۆرىلەر ۋەھشىيلىكى بىلەن مەشھۇر بولۇپلا قالماي، ھەرقانداق ناچار مۇھىتقىمۇ ماسلىشىۋېرىدىغان بەك چىدامىلىق يىرتقۇچ. بۇ چىلبۆرىلەر بىر نەچچە كۈن ئاچ قالغان چېغى، شۇڭا ئۇلار ئارىسىدىكى قاۋۇل بىر بۆرىنىڭ باشلىشى بىلەن ئوتقا ئانچە بەك پەرۋا قىلىپ كەتمەي، مشول بىلەن تۆگىگە قاراپ خىرىس قىلىپ بارا ـ بارا قىستاپ كەلدى. مشول لاتىلارنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈيدىغان تاياققا چىگىپ ئوت يېقىپ بۆرىلەرگە قارىتىپ شىلتىيتتى. بۆرىلەر ئوتتىن قورقۇپ يېرىم قەدەمدەك چېكىنەتتى ـ دە، يەنە بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن قىستاپ كېلەتتى. مشول ئوتنى چۆرۈپ، شىلتىپ يۈرۈپ بۆرىلەردىن ئۆزىنى قوغداپ، بۆرىلەر بىر چېكىنىپ، بىر ئىلگىرىلەپ ئۈچ سائەت ئۆتتى. ئاخىر تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. مشول ئەگەر قاچمىسا، ئۆزى بىلەن تۆگىنىڭ بۆرىلەرگە يەم بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ قولىدىكى كۆيۈۋاتقان تاياقنى يېقىنلاپ كەلگەن بىر بۆرىگە ئاتتى. ئوت دەرھال بۆرىگە تۇتاشتى. ئوت تۇتىشىپ كەتكەن بۆرە ئېچىنىشلىق ئىڭرىشىپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە، مشول چەبدەسلىك بىلەن تۆگىگە مىندى ـ دە، بەدەر قاچتى. بۆرىلەرمۇ يادىن ئۈزۈلگەن ئوقتەك تۆگىنىڭ كەينىدىن تاب باستۇرۇپ قوغلاشقا باشلىدى. قۇملۇقتا چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى.

قۇملۇقتا تۆگىنىڭ چېپىشى سۈرئەت جەھەتتە بۆرىلەردىن قېلىشمايتتى. تۆگە بۆرىلەرنى 50 مېتىر ئارقىدا قالدۇرۇپ ئالغا چاپاتتى. بىر ھازادىن كېيىن، بىر ئەركەك بۆرە ئوقتەك يۈگۈرۈپ كېلىپ بىر ئېتىلدى ـ دە، تۆگىنىڭ يانپىشىغا ئېغىزى ئىلىشايلا دەپ قالدى. دەل شۇ چاغدا مشول خەنجىرىنى چاققانلىق بىلەن بىر شىلتىپ، بۆرىنىڭ بويىنىدىن ئۈزۈپ تاشلىدى. بۆرە يىقىلدى. ئارقىدىن يېتىشىپ كەلگەن بۆرىلەر ئۆلگەن بۆرىنى ئورىۋالدى ـ دە، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ سۆڭىكىنىلا قويدى. بۆرىلەرنىڭ ئۆز تىپىدىكىلەرنى يەۋاتقانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن مشولنىڭ قورقۇنچى ئېشىپ، ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. قورققىنىدىن تۆگىنى تېخىمۇ بەك دىۋىتىپ تېز چېپىشقا ئۈندىدى.

ئالاھازەل بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. تۆگىنىڭ سۈرئىتىمۇ بارا ـ بارا ئاستىلاشقا باشلىدى. تۆگىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ، ئېغىر نەپەس ئالاتتى. تۆگىنىڭ ئاغزىدىن توختىماستىن ئاپئاق كۆپۈك ئاقاتتى. تۆگىنىڭ يۇمران يۆگىلىرى ھېرىپ ـ چارچاشتىن تەرلەپ چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. تۆگىنىڭ ئېغىر ھالسىرىغان تىنىق ئاۋازى مشولغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مشول بار ئاۋازى بىلەن «تېز چاپ چاچا، توختاپ قالما!» دەپ ۋارقىرايتتى ۋە كۆڭلىدە تەڭرىدىن نىجاتلىق تىلەيتتى.

مشولنىڭ تەشنالىقى چېكىگە يەتتى. ئۇنىڭ گېلى قۇرۇپ، لەۋلىرى چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتتى. مشول ئۆزىنىڭ خېلى بەك ئاجىزلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بارا ـ بارا ھوشسىزلىنىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇ تۆگىنىڭ بىر ئىرغىتىشى بىلەن تۆگە ئۈستىدىن يەرگە تىك موللاق چۈشتى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ سەل ھوشىغا كەلگەندەك بولدى. بۇ چاغدا بۆرىلەر ئۇنىڭغا يېقىنلاپ قالغانىدى. مشول دەرھال خەنجىرىنى شىلتىپ بۆرىلەرگە قاراپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ بۆرىلەرنى ھۈركۈتمەكچى بولاتتى. ئەمما بۆرىلەر يەنىلا يېرىم قەدەم چېكىنىپ، بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ مشولنى قىستاپ كەلدى. تۆگە خېلى يەرلەرگىچە ئۈزاپ كەتكەنىدى. مشول ئەمدى ئۆزى يالغۇز بۆرىلەرگە تاقابىل تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ئۇ خەنجىرىنى ئەتراپىغا شىلتىپ بۆرىلەرنىڭ يېقىنلىششىنى

توسماقچى بولاتتى. چىشلىرىنى ھىڭگايتقان بۆرىلەر خىرقىراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا خىرىس قىلاتتى. مشول ۋارقىرايتتى، بۆرىلەر خىرقىرايتتى. ئاخىرى بۆرىلەر مشولنى ئورىۋالدى. مشول خەنجىرىنى شىلتىۋېرىپ، ۋارقىراۋېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالدى. بۆرىلەر خۇددى مۇشۇ پەيتنى پەملىگەندەك بىر - بىرى بىلەن كۆز بېقىشىۋالدى - دە، بىر ئەركەك بۆرە مشولغا خىرىس قىلغان پېتى ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ پاتىڭىدىن «كاپ» قىلىپ ئالدى. مشولنىڭ جان ھەلقۇمىدا ئاغرىق ۋە ۋەھىمىدىن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى. ئەركەك بۆرە مشولنىڭ پاتىڭىدىن بىر توغرام گۆشنى يۇلۇپ ئالدى. قان مشولنىڭ گەجگىسىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى. مشول خەنجىرىنى ئۇياق - بۇياق شىلتىپ تىركىشەتتى. ئەركەك بۆرە ئۇنىڭ گەجگىسىدىن يەنە ئالدى. شۇ پەيتتە خۇددى بىر كىم ئۆگەتكەندەك، خۇددى بىرى بۇيرۇق قىلغاندەك، ئالللىقاچان بۆرىلەر چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ يىراقلاپ كەتكەن تۆگە مشولنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قېلىشىغا چىداپ تۇرۇشنى راۋا كۆرمىگەندەك بوزلىغان پېتى ئارقىغا قايتىپ چېپىپ كەلمەكتە ئىدى. مشولنى بەش چىلبۆرە تالاۋاتاتتى. تۆگە يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى مشولنىڭ پاتىڭىغا چاڭ سالغان ئەركەك بۆرىنى بىر ئۇسۇپ خېلى يىراق يەرگە ئۇچۇرۇۋەتتى. قالغان تۆت بۆرە ھودۇقۇپ، تۆت تەرەپكە پېتىراپ قاچتى. مشول پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تۆگىگە يەنە مىنىۋالدى. ئۇ تۆگىگە مىنىپ يەنە قاچتى.

بۆرىلەر قايتا ھۇجۇم قىلىپ ئىككى تارماقلىنىپ تۆگىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن چاڭ سالدى. تۆگە ئارقا پۇتىدا چىچاڭ ئېتىپ بۆرىلەرنى يولاتمايتتى. ئىككى بۆرە تاپ باستۇرۇپ تۆگىگە يېقىنلاشتى. تۆگە ئارقا پۇتىدا ئارقىدىن چاڭ سالماقچى بولۇۋاتقان بۆرىنى قاتتىق تەپتى. بۆرە خېلى بىر يەرلەرگىچە ئۇچۇپ چۈشتى. يەنە بىر بۆرە تۆگىنىڭ تۆشىگە چاڭ سالدى. تۆگىنىڭ تۆشىدىن قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى. تۆگىنىڭ قەھرى تۇتۇپ، بوينىنى ئىرغىتىپ، پۇتىدا تېپىپ يورۇپ ئارىدىكى بىر بۆرىنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتتى. مۇشۇ ئېلىشىشتا مشول تۆگىدىن يەنە بىر قېتىم ئىرغىپ چۈشتى.

بۆرىلەردىن بىرى تۆگىدىن ۋاز كېچىپ مشولغا ئېتىلدى. بۆرە كەلگەن پېتى مشولنى يەرگە باستى. مشولنىڭ خەنجىرى قولى يەتمىگۈدەك يەرگە چۈشكەنىدى. مشول پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، بۆرىنىڭ تۇمشۇقىغا مۇشتى بىلەن ئۇردى. بۆرە غىڭشىغان پېتى ئارقىغا چېكىندى. دەل شۇ پەيتتە قالغان ئىككى بۆرىمۇ مشولغا ئېتىلىپ كەلدى. تۆگىمۇ بۆرىلەر توپىغا ئېتىلىپ كەلدى. تۆگە بىر بۆرىنى بىر تېپىپ نەچچە غۇلاچ يەرگە ئۇچۇرۇۋەتتى. بىر بۆرە مشولنىڭ پاچىقىدىن ئالدى. دەھشەتلىك، چىدىغۇسىز ئاغرىققا مشول چىداپ تۇرۇپ، بۆرىنىڭ كانىيىدىن مشولمۇ كاپ قىلىپ ئالدى. مشولنىڭ ھەممە يېرىدىن قان تەپچىيتتى. بۆرىنىڭ ئېغىزى مشولنىڭ پاقالچىقىدا، مشولنىڭ ئېغىزى بۆرىنىڭ كانىيىدا ئىدى.

مشول بۆرىنىڭ كانىيىدىن چىشلىگىنىچە قويۇپ بەرمىدى. ئەمما ئۇنىڭ تىنى بەك ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئۇ يەنە ھوشىدىن كېتەي دەپ قالغانىدى. تۆگىنىڭ ھەممە يېرى يارا بولسىمۇ، ئۇ بۆرىلەردىن ئىككىسىنى تېپىپ، چەيلەپ ئۇجۇقتۇرغانىدى. بۆرىلەرنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى نالىسى مشولغا يەنە بىر قېتىم كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلدى، مەدەت بەردى، ئۇ بۆرىنى ئاستىغا بېسىۋالدى - دە، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرىۋەردى. ئۇ مۇشتۇمىدا سېزىم قالمىغىچە ئۇردى. ئۇ خەنجىرىنى ئالدى - دە، تۆگىگە ئېسىلىپ تالاۋاتقان ئىككى بۆرىگە قاراپ ئېتىلدى. بۆرە مشولنىڭ پۇتىنى چىشلىگىنىچە سۆرۈلۈپ باراتتى.

تۆگىنىڭ پۇتى ئېغىر يارىلانغانىدى. ئۇنىڭ پۇتىنىڭ قىپقىزىل گۆشلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. تۆگىنىڭ ھەممە يېرىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. تىنىقىمۇ ئېغىرلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قوڭۇر تۈكلىرى تەردىن چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. تۆگە مشولنىڭ پۇتىغا چاڭ سالغان بۆرىنى بىر تېپىپ ئۇچۇرۇۋەتتى - دە، مشولنى قوغداپ ئۇنى تۆت ئايىغىنىڭ ئارىسىغا ئېلىۋالدى. مشول تۆگىنىڭ چېتىنىڭ ئارىسىدا بىخەتەرلىككە ئېرىشتى.

قالغان ئۈچ بۆرە ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي، بىراقلا تۆگىنىڭ يانپېشىغا، ئاچ بېقىنىغا چاڭ سالدى. بۆرىلەر تۆگىنىڭ گۆشىنى يۇلۇپ - يۇلۇپ ئالاتتى. بۆرىلەر بىلەن تۆگە ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ يەنە باشلاندى.

تۆگە بوزلاپ تۇرۇپ قارشىلىق قىلاتتى. بۆرىلەر خىرقىراپ تۇرۇپ ئۇنى تالايتتى. مشول ياردەمگە تۆگە تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى. دەل شۇ چاغدا قورام تاش گۈمۈرۈلگەندەك تۆگە «گۈپ» قىلىپ يىقىلدى، تۆگە شۇ يىقىلىشىدا ئاخىرقى ئۈچ بۆرىنى بېسىپ ئۆلتۈردى. تۆگىمۇ جان ئۈزدى.

مشول تۆگىنىڭ بويىنىدىكى قولدۇرمىنى ئېلىۋېلىپ، ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنى سۆرەپ ئالغا قاراپ ماڭدى. نەچچە سائەتتىن كېيىن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان مشولنى مور چوپانلىرى قۇتقۇزۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مشول بۇ سۆيۈملۈك تۆگىنىڭ قولدۇرمىسىنى يېنىدىن ئايرىمايدىغان بولدى.

«سىر» ژۇرنىلىنىڭ 239 - سانىدىن مۇختار مۇھەممەد تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# 99 ئالتۇن تەڭگە

2003.4

پىك دۇنيادىكى ئەڭ خۇشال تىلەمچى ئىدى. ئۇ نىمشقا خۇشال بولمايتتىم؟ ھەر كۈنى تىلىگەن نەرسىلىرىم قورسىقىمنى تويغۇزۇشقا يېتىدۇ. بەزىدە ھەتتا كالباساغىمۇ ئېرىشەلەيمەن، بۇ كونا ئىبادەتخانا مىنى بوران - چاپقۇندىن ساقلايدۇ. خەق ئۈچۈن خىزمەت قىلمايمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ تەگرىسى تۇرسام خۇشال بولماي تۇرالمايمەن؟ - دەپ ئويلاتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئىبادەتخانىغا قايتىش سەپىرىدە بىر خالتىغا قاچىلانغان 99 دانە ئالتۇن تەڭگە تېپىۋالدى - دە، خۇشاللىقلىرى شۇئان نەلەرگىدۇر غايىب بولدى.

ئەمەلىيەتتە ئالتۇن تەڭگىلەرنى تېپىۋالغان ئاخشىمى ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولغانىدى.

«ئەمدى مەن تىلەمچىلىك قىلمايمەن، مەن دېگەن 99 ئالتۇن تەڭگىنىڭ ئىگىسى! ئۇ مىنىڭ بىر ئۆمۈر يەپ - ئىچىشىمگە يېتىپ ئاشىدۇ» دەپ ئويلىدى ھەمدە بۇنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى.

ئىككىنچى كۈنى، ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە كونا ئىبادەتخانىدىن چىقماي: «بۇ پۇللارنى خەجلىمەي، ساقلىغىنىم تۈزۈك، ئەگەر 100 تەڭگەم بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى، 100 تەڭگەم بولغاي ئىلاھىم» دەپ خىيال قىلدى.

پىكنىڭ غايىسىز قەلبىدە يېڭى غايە تىكلەندى. ئۇ يەنە بىر تەڭگىگە ئېھتىياجلىق بولدى.

چۈشكە يېقىن پىك سىرتقا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا كىرىشتى، بىر تىيىن، بىر تىيىندىن تىلەپ چۈشتە ئۇ ئازراقلا ئېشىندا تاماق يەپ، چۈشتىن كېيىن بۇرۇنراق ئىشتىن چۈشتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئالتۇن تەڭگىلەردىن خەۋەر ئالمىسا بولمايتتى. «ئاران 99 سىنت تىلەپتىمەن» دېدى ئۇ تەڭگىلىرىنى ساناۋېتىپ.

پىك ئۇدا بىرقانچە كۈننى شۇنداق ئۆتكۈزدى. ئۇدا تويۇنغىدەك يەپمۇ باقمىدى، ھەتتا بىر ئاز خۇشالمۇ بولمىدى.

پۇل تىلەش كۈنسېرى تەسلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەر ئېشىندا ئاشلىرىنى بەرسىمۇ، پۇل بەرمەيتتى.

—پىك، نىمىشقا خۇشال بولمايسىز؟

—بىز دېگەن تىلەمچى تۇرساق، نىمگە خۇشال بولىمىز؟

—ئىلگىرى ئۇنداق ئەمەستىڭىزغۇ؟

… …

پىك كۈندىن - كۈنگە تەمكىنلىشىپ، كۈندىن - كۈنگە ئىچى پۇشۇشقا، كېيىن كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاشقا باشلىدى - دە، ئاخىرى ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئۇ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان كۈنلەردە: «يەنە 16 سىنت بولسا 100 تەڭگەم بولاتتى» دېگەننى خىيالىدىن چىقارمىدى.

— مىنىڭ ئالتۇن تەڭگىلىرىمنى ئالمىدىڭىزمۇ پىك؟



ئېمىشقا دوختۇرغا كۆرۈنمەيسىز ؟ ـ بىر كۈنى پۇلدار سودىگەر پۇتى گورگە ساڭگىلاپ قالغان پىكنى يوقلاپ ئىبادەتخانىغا كەلدى.

ـــ ئېمىدېدىڭىز ؟ ـ دەپ سورىدى پىك ھەيران بولۇپ.

ـــ پىك سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز مېنى قىزىقتۇرغان، ـ دېدى سودىگەر، ـ ئۈچ يىل ئىلگىرى بىر قېتىملىق سودىدا بارلىق مال ـ دۇنيايىمدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولدۇم ـ دە، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولدۇم، بىراق، سىزنىڭ خۇشال ھالىتىڭىزنى كۆرۈپ يېنىدا تېخى يوق كىشىلەرنىڭمۇ خۇشال بولالايدىغانلىقىنى چۈشەندىم، كېيىن ئۆزۈمنى ئوڭشاپ نۇرغۇن پۇل تاپتىم. ھېلىقى چاغدا مەن 99 تەڭگەمنى ئېلىپ سەيلىگە چىققان، سىزنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆتەر يولىڭىزغا تاشلاپ قويغاندىم، لېكىن سىز ھازىر يەنىلا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپسىز. ئېمىشقا ھېلىقى پۇللارنى ئېلىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقمايسىز ؟

ـــ مەن 100 تەڭگىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتىم، بىراق، 16 سىنت كەملەپ قالدى. پەقەت 16 سىنتلا ـ دېدى پىك.

پۇلدار يېنىدىن بىر ئالتۇن تەڭگە چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى. پىك ئۇنى ئېلىپ خالتىسىغا سېلىۋەتتى ـ دە، قايتىدىن ھەممىنى تۆكۈپ ئىنچىكىلىك بىلەن ساناشقا كىرىشتى. ئۇ راستىنلا 100 تەڭگىگە ئېرىشكەن بولۇپ، يەنە تېخى 84 تىيىن ئارتۇق ئىدى.

پىك ئۆلدى. بۇ چاغدا بىر دەرۋىش بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولۇپ، ئۇ پىكنىڭ تومۇرىنى تۇتتى.

ـــ ئېمىدېدىڭىز ؟ يەنە بىر تەڭگە بەردىڭىزمۇ ؟ ـ دېدى دەرۋىش سودىگەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ.

ـــ شۇنداق.

ـــ بۇ قېتىم ئۇ تۈگۈشۈپتۇ، ـ دېدى دەرۋىش.

ـــ ئېمىشقا ؟

ـــ چۈنكى ئۇ 99 ئالتۇن تەڭگىنىڭ ئىگىسى بولغان چاغدا 100 تەڭگىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ ھەرقانداق كىشى خالىي بولالمايدىغان بىر خىل ئاچكۆزلۈكتۇر. پۇلغا بولغان ھېرىسمەنلىك ئۇنى خۇشاللىقتىن مەھرۇم قىلدى، سىز ئۇنى قىزىقتۇرىمەن دېسىڭىز، ئۇنىڭدىكى 99 تەڭگىنى قايتۇرۇۋېلىڭ. شۇ چاغدا ئۇنى قىزىقتۇرغىلى بولۇشى مۇمكىن. سىز دەسلەپتىكى 99 ئالتۇن تەڭگە بىلەن دۇنيانى بىر خۇشخۇي كىشىدىن مەھرۇم قويدىڭىز. كېيىنكى بىر تەڭگىنى بېرىش بىلەن يەنە بىر ھاياتلىقنى باقىيغا ئۇزاتتىڭىز...

ئۇ ئاچكۆزلۈك مەۋجۇت بولسىلا كىشىلەر ئۆز خۇشاللىقىنى مەڭگۈلۈك يوقىتىپ قويىدۇ.

لىۋ جىگاڭ ئىمزالىق بۇ ئەسەر «مىكرو ھېكايىدىن تاللانمىلار» نىڭ 2002 ـ يىللىق 20 ـ سانىدىن ئېلىندى

**داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى**

**مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى**





# ئانىسىنىڭ پۇتى

ياپونىيىدىكى بىر داڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىگىت ئەمەلىي كۈچى زور بىر شىركەتكە كېلىپ يۈزتۇرانە سىناققا قاتنىشىپتۇ. سىناقچى بۇ يىگىتتىن:

— سىز ئانىڭىزنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ باققانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ يىگىت سىناقچىنىڭ سوئالىدىن ھودۇقۇپ يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ كېتىپتۇ. سىناقچى:

— ئەتە مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە بىر كېلىڭ، لېكىن ئانىڭىزنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ بولۇپ ئاندىن كېلىشىڭىز شەرت، — دەپتۇ.

يىگىت ناھايىتى خىجالەتچىلىكتە ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ سىناقچىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن سىناقچىنىڭ تەلىپى بويىچە ئانىسىنىڭ پۇتىنى بىر قۇچاقلاپ باقماقچى بولۇپتۇ.

بۇ يىگىت ئاتىسىدىن كىچىك قېلىپ، ئانىسى بىلەن بىللە غۇربەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنىكەن، ئانىسى ئۇنى ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقانىكەن. بىراق بۇ يىگىت ئانىسىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ باقمىغانىكەن.

يىگىت ئۆيىگە قايتقاندا ئانىسى تېخى كەلمىگەنىدى. ئۇ «ئانام ئۇزاق يىل سىرتلاردا يۈرۈپ، ھالىدىن كەتكەندۇ، بۈگۈن كەچ مەن ئانامنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ بىر ئۇۋۇلاپ قويىمىسام» دەپ ئويلاپتۇ.

ئانىسى ناھايىتى كەچ ئۆيىگە قايتىپتۇ. يىگىت ئانىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ، داسقا ئىسسىق سۇ ئېلىپ كېلىپ ئوڭ قولىدا لۆڭگىنى، سول قولىدا ئانىسىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپتۇ. يىگىت ئانىسىنىڭ پۇتىنىڭ ياغاچتەك قاتتىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، بىردىنلا ئانىسىنىڭ پۇتىنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە ئۆزىنى تۇتالماي ئۇزاققىچە يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە ئانىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

ئەتىسى يىگىت كېلىشكەن ۋاقىتتا شىركەتكە بېرىپ ناھايىتى سالماقلىق بىلەن سىناقچىغا:

— مەن ئادەم بولماقنىڭ تەسلىكىنى، يارامىلىق ئادەم بولماقنىڭ تېخىمۇ قىيىنلىقىنى ئەمدىلا بىلدىم. سىز ماڭا ناھايىتى ئاددىي بىر قائىدىنى، يەنى ئادەم پەقەت ئانىسىنى تولۇق چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۆزىنى چۈشىنىپ يېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردىڭىز، — دەپتۇ. سىناقچى بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ:

— ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشۈڭ، — دەپتۇ.

سىناقچىنىڭ مەقسىتى يىگىتنىڭ دىتىنى ئىدىتلاش، بۇ ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ روھىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

يىگىت شۇنىڭدىن باشلاپ ئانىسىنىڭ جەبىر-جاپالىرىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، بىر مىنۇتمۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالماي، تىرىشىپ ئىشلەپ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن چوڭ بىر شىركەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ.

بۇ ھېكايىدىن مەن بىر مەزگىللەرگىچە تەسىرلىنىپ يۈردۈم ھەمدە ئۆزۈمدىن ناھايىتى خىجىل بولدۇم. چۈنكى مېنى ئانام باشقىلارنىڭ كىرلىرىنى يۇيۇپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتتى، بىراق، مەن ئانامنىڭ مەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تۆككەن قان-تەرىگە پەقەت ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. ھەتتا ئۆزۈمنى تاشلىۋېتىپ، تايىنى يوق ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپمۇ، ئانامنىڭ ئەنسىرەشلىرىنى بىر خىل يۈك، دەپ قاراپ كۆپ قېتىم: «مەن چوڭ بولدۇم، سەن ئىشلىرىمغا ئارىلاشما» دەپ سىلكىۋەتكەن چاغلىرىم بولغانىدى. بۇنداق چاغلاردا ئانام ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ قالاتتى.

ئەمما، بىر قانچە يىللار ئۆتۈپ مەن يۇقىرىقى ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاشۇ ياپونىيىلىك يىگىتتىنمۇ بەكرەك ئىخلاس بىلەن ئانامنىڭ پۇتىنى يۇيۇۋېتىپ،

بىردىنلا تىزلىنىپ، ئانامنىڭ پۇتىنى باغرىمغا باسقىنىمچە ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتىم. مەن ئانامنىڭ پۇتىدىكى ئۇششۇكتىن قالغان تارتۇق ئىزلىرىنى سىيلاپ، قاداقلىق يىرىك تاپانلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىدا شەكلى ئۆزگەرگەن بارماقلىرىنى سۇرتۇپ، ئۆزۈمنى خۇددى بالىلىقىمغا قايتقاندەك ھېس قىلدىم. كۆز ئالدىمدا ئانامنىڭ تىنىم تاپماي ئىشلەپ يۈرگەن ھارغىن سىماسى نامايان بولدى.

ئانامنىڭ پۇتۇن ھاياتى باغرىمدىكى مۇشۇ بىر جۈپ ماغدۇرىدىن كەتكەن پۇتقا مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئانامنىڭ پەرزەنتلىرىنى قاتارغا قوشۇشتا تارتقان قىينچىلىقلىرى نەقىشلەنگەن، ئانام مۇشۇ بىر جۈپ پۇتىغا تايىنىپ تىنىم تاپماي، چېپىپ يۈرۈپ پەرزەنتلىرىگە ئۈمىد بېغىشلىغانىدى. ئانامنىڭ ھەر بىر قەدىمى پەرزەنتلىرىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ئۆزىتىش بىلەن باراۋەر ئىدى. ئانام بىر تۈپ سايىۋەن دەرەختەك پەرزەنتلىرىنى بوران ـ چاپقۇنلاردىن ساقلاپ كەلگەن بولسا، يىللار ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ھالسىرىتىپ قويماقتا ئىدى. ئانىنىڭ پۇتى، ئۇ پەقەت بىر جۈپ پۇتلا ئەمەس، بەلكى بىز ئۈچۈن دۇنيانى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى تۈۋرۈك، بىزنىڭ ئۈمىد ۋە كېلەچىكىمىزنىڭ قولدىشى.

ئانامنىڭ پۇتىنى باغرىمغا باسقان شۇ كېچىسى ئانامنى ھەقىقىي چۈشەندىم ھەمدە ياشاشنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرىۋالدىم.

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ مەن ئازادە سىنىپلاردا ئولتۇرۇپ، مېنى سەمىمىيلىك بىلەن «ئۇستاز» دەپ چاقىرغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدا پىكىرلەشكەن چاغلاردا، مەن ئۇلارغا:

— بىر ئادەم ھاياتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن ئانىسىنىڭ پۇتىنى باغرىغا بېسىپ بېقىشى كېرەك، بۇ ھەرقانداق نادىر كىتابتىن بەكرەك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە كاتتا ئەسەر. پەقەت بۇ كاتتا ئەسەرنى ئوقۇپ چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە يەتكىلى بولىدۇ، — دەيتتىم.

يۈەن يۈەن ئىمزالىق بۇ ماقالە «مىللەتلەر مەدەنىيەت مەجمۇئەسى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىلى 10 ـ سانىدىن ئېلىندى

بۇسارەم ئىمىن تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# قايغۇلۇق خەۋەر

جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ سابىق سېكرېتارى، خەلق شائىرى نىياز مەھمۇت 2003 ـ يىلى 22 ـ ماي ئالەمدىن ئۆتتى.

نىياز مەھمۇت 1931 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزا ياقا كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1951 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1992 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان.

نىياز مەھمۇتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى قوشاقچىلىقتىن باشلانغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىي قوشاقلىرىدىن 800 كۇپلېت قوشاقنى رەتلەپ «باھار قوشاقلىرى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدۇرغان. «بىجاق نېنى»، «كۇچا پېچىقى» قاتارلىق بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىلىرىنى ۋە مەشھۇر خەلق سەنئەتچىسى نىساخاننىڭ ھاياتى توغرىسىدا 25 بابلىق كىتاب يازغان.

نىياز مەھمۇت باشقىلار بىلەن بىللە توپلىغان خەلق قوشاقلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984 ـ يىلى «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» (6) قىلىپ نەشر قىلىندى. ئۇ توپلىغان 200 دىن ئارتۇق «كۇچا خەلق ناخشىلىرى» ۋە «كۇچا مەشرەپلىرى» ناملىق تەتقىقات ئەسىرى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ توپلىغان بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىللەر ۋە خەلق قوشاقلىرى «كۇچا خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» ۋە «كۇچا خەلق قوشاقلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

مەرھۇم نىياز مەھمۇتنىڭ تۆھپىلىرىنى خەلقىمىز ئۇنتۇمايدۇ!

ئابدۇرازاق خەۋىرى

مۇختار مۇھەممەد

# قانۇننىڭ چاقىرىقى





ژۇرنىلىمىزنىڭ 2003 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا لى مىڭ
ئەپەندىنىڭ «يەنە شۇ قانۇن ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى»
ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى ئېلان قىلغانىدى. ماقالە دۆلىتىمىز
قانۇنىدا بەلگىلەنگەن «مەجبۇرىيەت مائارىپى*»نىڭ نې-
گىزلىك ماھىيىتىنى، يەنى «مەجبۇرىيەت مائارىپى»نىڭ
ئەسلىدە «ئوقۇش خىراجىتى ئېلىنمايدۇ»غان مائارىپ
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، بىزنى مۇھىم بىر قانۇنىي
بىلىمگە ئىگە قىلغانىدى. ئۆزۈممۇ ئاندا ـ ساندا تەرجىمە
ئەسەر ئىشلىگەچكە، پېشقەدەم تەرجىمانلىرىمىزنىڭ تەر-
جىمە ئەسەرلىرىگە قىزىقاتتىم، ئۆگىنەتتىم. بولۇپمۇ تەر-
جىمە ساھەسىدە تىنىمسىز مېھنەت قىلىۋاتقان ئۇستاز
تەرجىمشۇناس توختى باقى ئارتىشىنىڭ تەرجىملىرىنى
سۆيۈپ ئوقۇيتتىم. ئۇستاز توختى باقى ئارتىشى ھەر بىر
پارچە تەرجىمىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، تەرجىمە تىلىنى
خۇددى شۇ مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ «ئەسەرلىرى»دەكلا
قىلىۋېتىدۇ ھەمدە كىچىك پېئىللىق بىلەن ھەرقانداق بىر
پارچە تەرجىمە ئەسىرىنىڭ ئاخىرىغا ئەسلى ئەسەرنى سې-
لىشتۇرۇپ كۆرسۇن، دەپ بىرگە قوشۇپ ئەۋەتىشنى ئا-
دەت قىلغان كەمتەر ئۇستازىمىز. شۇڭا توختى باقى ئار-
تىشى ئۇستاز تەرجىمە قىلغان ھەر بىر ئەسەرنىڭ ئۇي-
غۇرچىسىنى تازا ھۇزۇرلىنىپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن،
ئاندىن خەنزۇچىسىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ بولۇپ، مۇ-
ھەررىرلەر ئۆزئارا «ئۇ سۆزنى مۇنداق دەپ ئاپتۇ، بۇ
يېرىنى مۇنداق تەرجىمە قىلىپتۇ» دەپ ئەسەرنى سېلىش-
تۇرغاچ تەرجىمە تىلى، تەرجىمە ئۇسۇلى، تەرجىمە ئۇس-
لۇبىنى ئۆگىنىمىز.

2003 ـ يىللىق 3 ـ سانىنىڭ تەييارلىنىشىغا جىددىي
ئىشلەۋاتقان كۈنلەردە، ئۇستاز توختى باقى ئارتىشى تەر-
جىمە قىلغان «يەنە شۇ قانۇن ئۈچۈن ھەق گەپ قىلاي-
لى» ماۋزۇلۇق تەرجىمە ماقالە قولىمىزغا كەلدى. ماقالى-
دە: «ئالدىنقى يىلى 12 ـ ئاپرېلدا «مەجبۇرىيەت مائارىپى
قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا توپتوغرا 15 يىل بولغا-
نىدى. شۇ كۈنى كەچتە مەلۇم بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى
تەنتەنىلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل كونسېرتلىرىنى خەۋەر قى-
لىپ كۆرسىتىپتۇ. شۇنداقلا قارىسام «مەجبۇرىيەت مائا-
رىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرى»گە بې-
غىشلانغان مەدھىيىلەر ئىكەن. شۇ چاغدا ‹غۇژژىدە غەزى-
پىم ئۆرلىدى› بەزى ئادەملەر ‹ مەجبۇرىيەت مائارىپى›
توغرىسىدا تۈپ ـ نېگىزلىك ساۋاتنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇ-
رۇپ، قاراپ تۇرۇپ ئەيمەنمەستىن يالغان سۆز قىلغانلى-
قىنى ئاز دەپ، يەنە تېخى ئىزا تارتماستىن ماختىنىپ
مەدھىيە ئوقۇۋېتىپتۇ. لەنەت! شۇ خىيال بىلەن قەلەمنى
قولۇمغا ئالدىم ـ دە، شۇ ‹ئاچچىقىم›دا «دۆلەت قانۇنى
ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى» دېگەن ماقالىنى يازدىم. شۇ
ماقالىدە مەجبۇرىيەت مائارىپى دېگەن سۆزدىكى ‹مەج-
بۇرىيەت› دېگەن سۆز ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرىيى-
تى، ئۇنىڭ سالمىقى ‹مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى›نىڭ
‹10 ـ ماددىسى›دىكى ‹ئوقۇش خىراجىتى ئېلىنمايدۇ›

دېگەن بەلگىلىمە ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىسە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغانلىق بولىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ھازىرقى مەجبۇرىيەت مائارىپى يالغان. ھەرقايسى يەرلەردىكى مەكتەپلەر، ھۆكۈمەتلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن.

ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىزنىڭ قانۇن ساۋاتىمىز بەك تۆۋەنىكەن. مۇشۇنداق نېگىزلىك قانۇنىي ساۋاتتىن خەۋەرسىز يۈرۈپتىمىز، دەپ ئۆكۈندۇم. ماقالىنى ژۇرنالغا بېرىش ــ بەرمەسلىك مەسىلىسىدىمۇ خېلى دەتالاش قىلىشتۇق. چۈنكى بۇ ماقالىدە «مەجبۇرىيەت مائارىپى»نىڭ ھەقسىز مائارىپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تۈنجى قېتىم چاقىرىق قىلىنغانىدى. ئاخىرىدا ئاپتور قانۇننىڭ مۇقەددەس نام ــ شەرىپىنى قوغداپ، پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەق گەپ قىلىپتۇ، قانۇننىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىشىنى تەۋسىيە قىلىپ تەكلىپ بېرىپتۇ. پۇقرالارنىڭ قەلبىگە ياقىدىغان راست گەپنى قىلىپتۇ. قانۇننىڭ مۇقەددەسلىكىنى، ئىززەت ــ ھۆرمىتىنى قوغداش، قانۇننى تەشۋىق قىلىش، بىلدۈرۈش، قانۇننى ئۆگىنىش بارلىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ بۇرچى بولۇپلا قالماي، يەنە ھەر بىر پۇقرانىڭمۇ مۇقەددەس بۇرچى، دېگەن پىكىرگە كېلىپ بۇ ماقالىنى ئېلان قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار، زىيالىيلاردىن مۇشۇ ماقالە توغرىسىدا پىكىر ئېلىپ باقتۇق. «مۇشۇنداق مۇھىم قانۇنىي ساۋاتنى بىلمەي يۈرۈپتۇق، بەك ياخشى ئىش قىلدىڭلار، بۇ خالىس، ئەھمىيەتلىك ئىش بولدى» دېيىشتى ئۇلار.

بىز شۇنىڭدىن خۇشالمىزكى، بىز قانۇننىڭ ئىززىتىنى قوغداپ، دۆلەت قانۇنىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن بېرىلگەن ياخشى تەكلىپنى ئەلگە يەتكۈزەلىدۇق. دېمەك، بىز بىر پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلدۇق، دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆڭلىمىز سۆيۈنگەندەك بولدى.

«يەنە شۇ قانۇن ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى» ماۋزۇلۇق ماقالىدە لى مىڭ ئەپەندى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەجبۇرىيەت مائارىپىغا ئوقۇش خىراجىتى ئالماسلىق كېرەك»لىكى ھازىر ھەممىگە ئايان ساۋات بولۇپ قالدى. «مەجبۇرىيەت مائارىپى» قانۇنى تېخىمۇ ئومۇملىشىۋاتىدۇ. بۇ بىر نەتىجە، ساۋات ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ساۋاتقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەرىكەتلەر ساۋاتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئىلگىرىكىدەك كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكى ۋە ئىلگىرىكىدەك ئەزۋەيلەپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. ساۋاتنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشى بىلەن تەڭ، ھەرىكەتنىڭمۇ يامان، رەتسىز ھالەتتىن قانۇنغا ئۇيغۇن، قېلىپلاشقان ھالەتكە ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بارغانسېرى كۆپىيىشى مۇمكىن.»

ژۇرنىلىمىز نەشردىن چىقىپ ئەل ــ يۇرت بىلەن دىدارلاشقان 17 ــ كۈنى يەنى مىلادىيە 2003 ــ يىل 6 ــ ئاينىڭ 17 ــ كۈنى سەيشەنبە ئىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى ــ «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 1 ــ بېتىگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بېرىلدى (ئەلۋەتتە، بۇ قارارنىڭ ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىنىشى ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرىنىڭ تولىمۇ دانالىقىدىن چىقىرىلغان، دەپ قارايمىزكى، بۇ قارارنى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان يۇقىرىقى ماقالە بىلەن باغلاپ قارىمايمىز).

«2 مىليون 50 مىڭ نامرات بالا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى تەربىيىسىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدۇ» سەرلەۋھىلىك بۇ قاراردا مۇنۇلار بىلدۈرۈلگەن: «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 6 ــ ئاينىڭ 13 ــ كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش خىزمىتى يىغىنىدا مۇنۇلارنى ئېلان قىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مۇزاكىرە قىلىپ بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 56 ناھىيە، شەھەر، جۈملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاستقا قاراشلىق 42 ناھىيە، شەھەر، بازار ۋە يېزىلاردىكى شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولغان 2 مىليون 50 مىڭ ئوتتۇرا ــ باشلانغۇچ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك كىتاب پۇلى ۋە پارچە ئوقۇش خىراجىتىنى كەچۈرۈم قىلىشنى يولغا قويۇشنى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇش يېشىغا توشقان بارلىق بالىلارنىڭ دۆلەتنىڭ توققۇز يىللىق مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيىسىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ. لېكىن ئەمگەكچىلەرنىڭ سا-

پاسىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى جىددىي خىزمەت سۈپىتىدە مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈپ چىڭ تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئوقۇش يېشىغا توشقان بارلىق نامرات بالىلارنى دۆلەتنىڭ توققۇز يىللىق مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيىسىدىن بەھرىمەن قىلىش — جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان چوڭ ئىش، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك تۈپ تەدبىر. جايلار، تارماقلار بۇ خىزمەتنى تەلەپ بويىچە چىڭ تۇتۇشى، ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭنى سىستېمىلار بويىچە قوللاش تەدبىرىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك. ھازىردىن باشلاپ 2007 ـ يىلغىچە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار بۇلتۇرقى 1500 دىن تەدرىجىي كۆپەيتىلىپ 10 مىڭغا يەتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شارائىتى بىر قەدەر ياخشى ناھىيىلەردە چەت، نامرات رايونلار تولۇقسىز سىنىپلىرى ئېچىلىدۇ. دەسلەپكى پىلان بويىچە ئۈچ يىل ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 5000 غا يەتكۈزۈلىدۇ. يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار شەھەرگە كىرىپ ياخشى ئوقۇش شارائىتىغا ئېرىشتۈرۈلىدۇ.»

يۇقىرىقى «قارار»نى ئوقۇپ خۇشاللىقىمىزدىن چاۋاك چېلىپ كەتتۇق. ئىشخانا ئىچىدە تەنتەنە قىلىشتۇق. كۆز ئالدىمدا 2 مىليون 50 مىڭ بالا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، ئۈمىدلىك قوي كۆزلىرىنى كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن تىكىپ، چىرايلىق سومكىلىرىنى ئېسىپ مەكتەپكە كېتىۋاتقان ھالەت كۆرۈندى. ئاشۇ سەبىيلەرنىڭ بىقۇۋۇل ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان پەرزەنتلىرىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ «بالام ياخشى ئوقۇ جۇمۇ!» دەپ كۆزلىرىنى ئىسسىق ياشلار بىلەن نەمدەپ تۇرۇپ بالىلىرىنى مەكتەپكە ئۇزىتىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى كەچتى.

يوقسۇزلۇقتىن ئوقۇيالماي ئوتۇن تېرىپ، پادا بېقىپ، ئېتىزدا ئىشلەپ، باشقا قۇرداشلىرىنىڭ سومكىلىرىنى ئېسىپ مەكتەپكە كېتىۋاتقانلىقىغا تەلمۈرۈپ قاراپ، ئۈمچىيىپ بويۇن قىسىپ، كۆزلىرىنى ياشلاپ قالغان بالىلارنىڭ «ئاپا، دادا، مەنمۇ مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولدۇم» دېگەن خۇش خەۋەرنى توۋلىغىنىچە كىرىپ، بالىسىنى ئوقۇتالماي يۈرىكى پارە بولغان ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلغىنىدا ئانىسىنىڭ خۇشاللىقتىن بالىسىنى مەھكەم بېسىپ ھېقىقلاپ يىغلاپ كەتكەن كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى.

2 مىليون 50 مىڭ پەرزەنتىمىز، 2 مىليون 50 مىڭ بۇدرۇق، ئۇماق قوي كۆزلىرىمىز ئەمدى مەرىپەت گۈلخانىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشالايدىغان بولدى.

2 مىليون 50 مىڭ ئىز باسارلىرىمىز ئىلىم بىلەن دىلىنى يورۇتالايدىغان بولدى.

«يەنە شۇ قانۇن ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى» ماۋزۇلۇق ماقالىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق گەپ بار: «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى»نى قانۇنىي مۇددىئا ئالدىدا، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايدىغان يېڭى ھەرىكەتلەر بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرەيلى، مۇشۇ ھەقىقەت ھەق جايىغا يەتمىسە، بىزنىڭ بۇ مىللىتىمىز روناق تاپالمايدۇ!»

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىقى قارارى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن مىليونلىغان كۆڭۈللەرنى ئىللىتتى، مىليونلىغان دىللارغا ئۈمىد نۇرى ئاتا قىلدى. ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئاشۇ قارار تەكلىپىنى بەرگەنلەرگە، ئاشۇ قارارنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەنلەرگە مىڭ، مىڭ تەشەككۈر.

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

---

* — ئەسلىي ئەسەردە «مەجبۇرىي مائارىپ» دەپ ئېلىنغانىدى. بەزى ۋاستىلەر «مەجبۇرىيەت مائارىپى» دەپ ئاپتۇ. مەنمۇ «مەجبۇرىيەت مائارىپى»غا مايىل. شۇڭا ئەسلى تېكىستتىكى «مەجبۇرىي مائارىپ» دېگەننى «مەجبۇرىيەت مائارىپى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئالدىم — ئا.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# ساغلاملىق بىباھا



**ياشانغانلار ئۈچ «يېرىم مىنۇت» ۋە ئۈچ «يېرىم سائەت»كە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك**

ياشانغانلار ئۈچ «يېرىم مىنۇت»قا ۋە ئۈچ «يېرىم سائەت»كە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، شۇنداق قىلالىساق، بىر تىيىن خەجلىمەي ئۆلۈمدىن قۇتۇلالايمىز. بىر قىسىم كىشىلەر كۈندۈزى ساپ ـ ساق، كەچتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. تۇنۇگۈن تېخى كۆرگەن ئىدىمغۇ، دەپ قالىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىرەيلەن كېچىدە ھاجەتكە چىقماقچى بولۇپ، كارىۋاتتىن ئىتتىك تۇرغاچقا، مېڭىسىگە قان يېتىشمەي، قان بېسىمى تۆۋەنلەپ بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشكەن. بۇنداق ئەھۋالدا بەزىلەرنىڭ باش سۆڭىكى سۇنىدۇ، بەزىلەرنىڭ يۈرىكى تۇساتتىن توختاپ قالىدۇ. ئالىملار نېمە ئۈچۈن بۇ ئۈچ «يېرىم مىنۇت»نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؟ كاردىئوگراممىنى يىراقتىن كونترول قىلىپ يۈرەكنى تەكشۈرگەن ۋاقتىمىزدا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنىڭ كۈندۈزى نورمال بولسىمۇ، كەچتە تۇساتتىن يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەي، يۈرەكنىڭ رىتىمسىز قىسقىرايدىغانلىقىنى بايقىدۇق. نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى ئادەم ئۇشتۇمتۇت ئورنىدىن تۇرغاندا، قان بېسىمى بىراقلا تۆۋەنلەپ، مېڭىگە قان يېتىشمەي قالىدۇ ـ دە، يۈرەك سوقۇشتىن توختايدۇ.

**ئۈچ «يېرىم مىنۇت»**

ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ «يېرىم مىنۇت» دېگەنلىك: ئويغىنىپلا ئورۇندىن تۇرماي، كارىۋاتتا يېرىم مىنۇت يېتىش، ئورۇندىن تۇرغاندىن كېيىن كارىۋاتتا يەنە يېرىم مىنۇت ئولتۇرۇۋېلىش، ئاخىرىدا ئىككى پۇتىنى كارىۋاتتىن ساڭگىلىتىپ يەنە يېرىم مىنۇت ئولتۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

شۇنداق قىلغاندا بىر تىيىنمۇ خەجلىمەي مېڭىگە قان يېتىشمەسلىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. يۈرەك بىخەتەر بولۇپلا قالماي، ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈش، يۈرەك مۇسكۇلى ئۆلۈش ۋە مېڭىگە قان چۈشۈشنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدۇ. بىر قېتىم دەرستىن كېيىن، پېشقەدەم بىر كادىر ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. مەن «نېمىشقا يىغلايسىز؟» دەپ سورىسام، كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلغان ھالدا: «ھەي، ئىككى يىل ئىلگىرى كېچىدە ھاجەتكە چىقماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتكەن ئىكەنمەن، ئاقىۋەتتە بېشىم قېيىپ كەتتى، 2 ـ كۈنى يېرىم پالەچ بولۇپ، سەككىز ئاي كارىۋاتتا ياتتىم. دۈمبەمنىڭ تېرىلىرى تېشىلىپ، ياتاق يارىسى بولۇپ قالدىم، بالىلىرىممۇ مەندىن بىزار بولدى. بۇ دەرسنى بۇرۇنراق ئاڭلىغان بولسام، سەككىز ئاي ئازاب تارتماس ئىكەنمەن» دېدى.

## ئۈچ «يېرىم سائەت»

ئۈچ «يېرىم سائەت» دېگەنلىك: بىرىنچى، ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ يېرىم سائەت ھەرىكەت قىلىش، ئۈچ كىلومېتىردىن ئارتۇق يۈگۈرۈش ياكى باشقا ھەرىكەتلەرنى قىلىش، بىراق ھەرىكەت مادارىغا تۇشلۇق مۇۋاپىق بولۇش؛ ئىككىنچى، چۈشتە يېرىم سائەت ئۇخلاش. چۈشتە ئۇخلىسا، چۈشتىن كېيىن ئادەمنىڭ زېھنى ئوچۇق ھەم ياخشى بولىدۇ. ياشانغانلار كەچتە بالدۇر ئۇخلايدۇ، ئەتىگەندە بالدۇر ئورنىدىن تۇرىدۇ، شۇڭا چۈشتە ئارام ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئۈچىنچى، كەچتە سائەت 6 دىن، 7 گىچە بولغان ئارىلىقتا يېرىم سائەت ئاستا مېڭىش لازىم. ياشانغانلار كەچتە ئوبدان ئۇخلىسا، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى ۋە قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىش كېسەللىكلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

ساغلاملىق تەربىيىسىدە بەزى ئاددىي ئۇسۇللار ئارقىلىق نۇرغۇن كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ھازىر كىشىلەر پەن تەرەققىي قىلدى، دەپ قاراپ، كېسەل داۋالاشتا يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىدىن ئۈمىد كۈتمەكتە. يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىنىڭ ياخشىلىقىدا گەپ يوق، لېكىن ئۇنىڭغا كېتىدىغان بەدەلمۇ ناھايىتى كۆپ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئاز سانلىق كىشىلەرلا بەھرىمەن بولالايدۇ. يۈرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسىدە دوختۇرخانىمىز مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. يۈرەك كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، بىمار 214 كۈن ياشىدى. لېكىن 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل كەتتى، يەنى كۈنىگە 1000 يۈەندىن كۆپ پۇل كەتتى. ئىچىدىغان دورىسىنىڭ بىر قۇتىسى 5000 يۈەن، بىر تال ئوكۇل 1500 يۈەن، بۇ بەك قىممەت توختاپ كېتىدۇ. يۈرەك ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ، ئۇنىڭغا كۆۋرۈك سېلىش ئۈچۈن تىرنىگۈچ قويۇش لازىم. ھازىر تاجىسمان يۈرەك كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن نەيچە ئىشلىتىپ، تىرنىگۈچ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تىرنىگۈچنىڭ دىئامېتىرى ئۈچ مىللىمېتىر بولۇپ، ئېغىرلىقى 0.5 گرامغىمۇ يەتمەيدۇ، باھاسى 25 مىڭ يۈەن. بىر قېتىمدا ئۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچى ئىشلىتىلىدۇ، يەنە بىر تال نەيچە قويۇلىدۇ. بىر تال نەيچىنىڭ باھاسى 18 مىڭ يۈەن، بىر قېتىم ئىشلەتكەندىن كېيىن تاشلىۋېتىلىدۇ. بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيە ئۈچۈن 50 مىڭ، 70 مىڭ، ھەتتا 100 نەچچە مىڭ يۈەن پۇل كېتىدۇ. بىراق پەن ـ تېخنىكا بىمارنى ساق ھالەتكە كەلتۈرەلمەيدۇ، يۇقىرى قان بېسىمنى كونترول قىلىش ئىنتايىن ئاددىي. كۈندە بىر تال دورا يېسىلا مېڭىگە قان چۈشۈشنى ئازايتقىلى بولىدۇ. مېڭىگە قان چۈشكەندە، باش سۆڭىكىدىن تۆشۈك ئېچىپ قاننى چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، بىمار تىرىك قالغان تەقدىردىمۇ، يېرىم پالەچ بولۇپ قالىدۇ، دوختۇرخانىمىزدا يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغىلى 12 يىل بولغان بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ قان بېسىمى غەلىتە بولۇپ، گاھىدا 200 گە چىقسىمۇ بىئارام بولمايتتى. لېكىن قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش دورىسىنى يېگەندىن كېيىنلا بىئارام بولاتتى. شۇڭا ئۇ دورا يېمەيتتى. ئۇ قانداق قىلسام بولار، دەپ ئىككى دوختۇردىن مەسلىھەت سوراپتۇ. بىر دوختۇر ئۇنىڭغا جەزمەن دورا يېيىشنى ئېيتىپتۇ. يەنە بىر دوختۇر ئۇنىڭغا دورا يېسىڭىز بىئارام بولىدىكەنسىز. ئۇنداقتا دورا يېمەڭ، دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دورا يېمەپتۇ. 12 يىلدىن بۇيان ئۇ ئارتېرىيە قېتىش، سىيدۈك بىلەن زەھەرلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. دىئالىز يولى بىلەن داۋالاندى، ھەپتىدە ئۈچ قېتىم قان تازىلاتتى، يىلدا 90 مىڭ يۈەندىن، ئون يىلدا جەمئىي 900 مىڭ يۈەن پۇل خەجلىدى. خوتۇنى رۇخسەت سوراپ يولدىشىغا ئون

يىل قارىدى. ئۇ كۈن بويى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، نۇرغۇن جاپا تارتىپ، ئاخىر ئۆلۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، كۆزدە ئۈچ موچەن خەجلەپ بىر تال دورا يېسىلا كۇپايە قىلاتتى. لېكىن ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىلمىغاچقا، 900 مىڭ يۈەن پۇل كەتتى. بۇنداق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشمۇ ئىنتايىن ئاددىي، نۇرغۇن كىشىلەر كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالالايدۇ. دېمەك، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ رولى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىدىن ئۈستۈن.

**مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىلىڭ**

ھازىرقى خىلمۇ خىل كېسەللىكلەر، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىلمىي بولمىغانلىقىدىن پەيدا بولماقتا. ئەگەر ئىلمىي، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوللانساق، كېسەلگە گىرىپتار بولمايمىز. بۇنى مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش، لايىقىدا ھەرىكەت قىلىش، تاماكا تاشلاش ۋە ھاراقتا چەك قويۇش، پسىخىكىلىق تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش دېگەن تۆت جۈملىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ سۆزگە ئەمەل قىلغاندا، يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكىنى 55%، مېڭىگە قان چۈشۈش كېسەللىكى ۋە تاجىسىمان يۈرەك كېسەللىكىنى 75%، قەنت كېسەللىكىنى 50%، ئۆسمە كېسەللىكىنى 33% ئازايتىپ، ئۆمۈرنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون يىلدىن ئارتۇق ئۇزارتقىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇنىڭغا پۇل كەتمەيدۇ، شۇڭا سالامەتلىكنى ئاسراش ئۇسۇلى ئىنتايىن ئاددىي، لېكىن ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى. مەن 1981 ـ يىلى ئامېرىكىغا باردىم، 1983 ـ يىلىدىن بۇيان ئالدىنى ئېلىش تېبابەتچىلىكى تەتقىقاتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللاندىم. مېنىڭ يېتەكچىم ناھايىتى مەشھۇر، دۇنيادىمۇ نوپۇزى بار پروفېسسور ئىدى. ئۇ مېنى چىكاگو غەرب ئېلېكتر شىركىتى ئاچقان بىر يىغىنغا باشلاپ باردى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، خوجايىن بۈگۈن 55 ياشتىن 65 ياشقىچە بولغان پېنسىيىگە چىققانلارغا يىغىن ئاچىمىز، ئون يىل ئىچىدە كېسەل بولمىغانلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن پويايىكا، بىر چويلا توپ پالقى ۋە پۇل چېكى سېلىنغان كونۋېرت مۇكاپات بېرىمىز، دېدى. كۆپچىلىك ئىنتايىن خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىشتى. مەن قايتىپ كېلىپ ئويلىنىپ قالدىم. بۇ ئامېرىكىلىق كارخانىچى بەك ئەقىللىق ئىكەن، ئەگەر ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى ئون يىل كېسەل بولمىسا، بىر قانچە مىليون يۈەن دورا پۇلى تېجەپ قالىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇ سىزگە ئاران بىردىن پويايىكا، بىر دانە چويلا توپ پالقى ۋە بىر ئاز پۇل بەردى، ئەمما سىز ئويلاپ بېقىڭ، ئۇ بۇنىڭدىن قانچىلىك پايدا يارىتالايدۇ؟ بۇ شىركەت سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، چېنىقىش ئۆيى، چويلا توپ مەيدانى تەييارلاپ، كۆپچىلىكنى ھەرىكەت قىلىپ، كېسەل بولماسلىققا ئىلھاملاندۇرغان.

بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپلا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ ھېيت ـ بايرام كېلىشى بىلەن كونا كېسەللەرنى يوقلاۋاتقانلىقى، كېسىلى قانچە ئېغىر بولسا، شۇنچە كۆپ يوقلاۋاتقانلىقى، ئەمما ساغلام كىشىلەر بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن بۇ يەردە ئامېرىكىلىقلار ساغلام كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىكەن دەپ ئويلاپ، بۇ كونا كېسەللەرگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك كېرەك، دېمەكچى ئەمەس. بىز ئون يىل كېسەل بولمىسا، ئىشقا سېلىۋېرىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ. ئامېرىكىدىكى بۇ شىركەتنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ساغلام كىشىلەر، كۆپچىلىك كېسەل بولماي، ساغلام بولسۇن، دەيدىكەن. بىزدە بولسا ساغلام كىشىلەرگە ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. كېسىلىڭ قانچە ئېغىرلاشسا، شۇنچە يوقلاپ كېلىدۇ، ئۇزاق كېسەل تارتقانلارنى ھەر يىلى چاغان كېلىشى بىلەن يوقلاپ تۇرىدۇ. داۋالاش ۋاپىغا يەتسىلا بولدى، 50 مىڭ يۈەن، 100 مىڭ يۈەن كەتسە كارى چاغلىق، دەيمىز. مېنىڭ مەسئۇللۇقۇمدىكى كېسەلخانىدا كادىرلار بىر قېتىم يېتىپ داۋالانسا، نەچچە ئون مىڭ يۈەن كېتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە بىر كىشىنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن كەتسە ھېچگەپ ئەمەس، ئەمما كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ بېرىلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، يۈرەك، قان تومۇر، كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بىر يۈەن خەجلەنسە، داۋالاش راسخوتىدىن 100 يۈەننى تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن. بېيجىڭنىڭ يېزىلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىم. مەلۇم بىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ يىللىق كىرىمى 200 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىكەن، خېلىلا پۇلى بار ئىكەن. باھار بايرىمىدا بالىلىرىغا يوجاڭزا ئۈچۈنلا 2000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەپتۇ، مۇشۇنچىۋالا پۇلى بار ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قارىسىڭىز، ئائىلىدىكى يەتتە جان ئادەم بىر چىش چوتكىسىنى ئىشلىتىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، چىش چوتكىلاش ئارتۇقچە ئىش ئىمىش. نەتىجىدە بۇ يەتتە جان ئادەمنىڭ تۆتى يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ساغلام بولۇشى ناھايىتى نۇر-

غۇن كېسەلنى، ئالايلۇق، ئارتېرىيە قېتىش، يۈرەك كېسە-
لىنى ئازايتىدۇ. چەت ئەلدە ئېغىز بوشلۇقى ساغلاملىقى
بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىمۇ
ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ساغلاملىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرى-
ۋاتىدۇ، شۇڭا كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى
ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئارتېرىيە قېتىش، ئۆسمە، قەنت كېسەللىكلىرىنىڭ
پەيدا بولۇشىدا ئىككى سەۋەب بار. بىرى، ئىچكى سە-
ۋەب، يەنە بىرى تاشقى سەۋەب. ئىچكى سەۋەب ئىرسى-
يەت، گېن ئامىلىدۇر. تاشقى سەۋەب مۇھىت ئامىلىدۇر،
كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئىچكى سەۋەب بىلەن تاشقى
سەۋەب بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاۋۋال ئىچكى
سەۋەب ئۈستىدە توختىلايلى. ئىچكى سەۋەب بىر خىل
ئىرسىيەت، بىر خىل يۈزلىنىش ھېسابلىنىدۇ، مەسىلەن:
ئاتا ـ ئانىسى يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بولسا، بالىنىڭ
45% تىدە يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بولىدۇ. ئەگەر
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرسىدە يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى
بولسا، بالىنىڭ% 28 تىدە يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى
بولىدۇ. قان بېسىمى نورمال بولغان ئاتا ـ ئانىدىن تۇ-
غۇلغان بالىدا يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بولامدۇ ـ يوق؟
يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بولىدۇ، ئەمما ئۇ %3.5نى
تەشكىل قىلىدۇ، چۈنكى ئىرسىيەت بىر خىل يۈزلىنىش،
نېمە ئۈچۈن بەزى بالىلاردا تۇغۇلۇشى بىلەنلا خولېستې-
رىن يۇقىرى بولىدۇ؟ ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقنىڭمۇ قان
بېسىمى يۇقىرى بولىدۇ؟ مانا بۇ ئىرسىيەتنىڭ بەلگىلىك
تەسىر كۆرسىتىشىدىن بولغان. ئىرسىيەتنىڭ تەسىرىنى
مۇنداق بىر ئاددىي مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرەي:
توشقان نېمە يەيدۇ؟ تورۇپ يەيدۇ، ناۋادا ئۇنىڭغا تۇخۇم
سېرىقى بىلەن ھايۋانات مېيىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزسەك،
تۇخۇم سېرىقىدا خولېستېرىن يۇقىرى، ھايۋانات مېيىدا
ماي كۆپ بولغاچقا، تۆت ھەپتىدە خولېستېرىن ئۆرلەپ
كېتىدۇ، سەككىز ھەپتىدە ئارتېرىيە قاتىدۇ، 12 ھەپتىدىن
كېيىن توشقان تاجىسىمان يۈرەك كېسىلى بولىدۇ. بېيجىڭ
ئۆردەكى ئۈستىدە تەجرىبە ئىشلىدۇق، ئۇنىڭغا تۇخۇم
سېرىقى بىلەن ھايۋانات مېيىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزدۇق،
ئەمما ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۆردەككە ئۇنى كۈندە يې-
گۈزسەكمۇ خولېستېرىن ئۆرلىمىدى، ئارتېرىيىمۇ قاتمىدى،
تاجىسىمان يۈرەك كېسىلىمۇ بولمىدى. ھەيران قالارلىق
ئىش. نېمە ئۈچۈن توشقان يېسە ئارتېرىيە قېتىپ، ئۆردەك

يېسە ھېچنېمە بولمايدۇ؟ سەۋەبى، توشقان دېگەن توش-
قان، ئۆردەك دېگەن ئۆردەك ـ دە، ئىرسىيەت ئوخشاش-
مايدۇ. ئادەممۇ شۇنداق. نېمە ئۈچۈن بەزىلەر مايلىق
گۆش يېسە خولېستېرىن ئۆرلەپ كېتىدۇ، ئارتېرىيە قاتى-
دۇ، تاجىسىمان يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ، ئەمما
يەنە بەزىلەر كۈندە مايلىق گۆش يېسىمۇ ھېچنېمە بول-
مايدۇ، چۈنكى ئالدىنقىلار توشقان مىجەز، كېيىنكىلەر
ئۆردەك مىجەز. ئۆردەك مىجەز ئادەم ھېچنېمە بولمىغان
بىلەن، توشقان مىجەز ئادەمنى نەس باسىدۇ. بەزىلەر
ھېچقانچە تاماق يېمەيمۇ سەمرىپ كېتىدۇ، بەزىلەر تاماقنى
كۆپ يېسىمۇ سەمرىمەيدۇ، چۈنكى ئادەمنىڭ مىجەز ـ
خاراكتېرى ئوخشاشمايدۇ، بەزى نەرسىلەردە ئىرسىيەت
100% بولىدۇ، بەزى ئىرسىيەتتە يۈزلىنىش بولىدۇ. يۇ-
قىرى قان بېسىم، تاجىسىمان يۈرەك كېسىلى بولسا بىر
خىل يۈزلىنىش.

ئادەم بىلەن ئادەم قارىماققا ئېگىز ـ پاكارلىق، ئۇ-
رۇق ـ سېمىزلىك، چىراي ـ شەكىل جەھەتتە ئانچە پەرق-
لىنىپ كەتمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاسمان ـ زېمىن پەرق قى-
لىدۇ. مەسىلەن: ئادەم ھاياتىدا نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇن-
لارنى باشتىن كەچۈرىدۇ، ئاچچىقى كېلىدىغان كۆڭۈلسىز-
لىكلەرگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ. بەزىلەر ئاچچىقنى كەلتۈرى-
دىغان كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقۇپ ئاچچىقلانسا، يۈرىكى
سېلىپ، قان بېسىمى ئۆرلەپ، چىرايى تاتىرىپ، غەزەپتىن
تىترەپ كېتىدۇ، بەزىلەر ئاچچىقلانسا يۈرىكىمۇ سالماي،
قان بېسىمىمۇ ئۆرلىمەي، ئاشقازىنى ئاغرىيدىغان، ئاشقا-
زىنى تېشىلىپ قانايدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىشى مۇمكىن.
بىر قىسىم كىشىلەر ئاچچىقى كەلسە، قەنت كېسىلىگە گى-
رىپتار بولىدىغان، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئاچچىقى كەل-
سە، يۈرەك كېسىلىمۇ بولماي، ئاشقازان كېسىلىمۇ بولماي،
قەنت كېسىلىمۇ بولماي، راك كېسىلى بولۇپ قالىدىغان
ئەھۋاللار بولىدۇ. بۆلۈمىمىزدە يېشى 60 تىن ئاشقان بىر
كىشى بار ئىدى، ئۇ بىر ئۆمۈر ساغلام ياشىغان. بىر كۈنى
ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپلا بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ بو-
لالماي قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ۋېلسىپىتتە بىر
تار كوچىدىن چىقىپ بۇرۇلۇشىغىلا قارشى تەرەپتىن كېلى-
ۋاتقان يۈك ماشىنىسىغا ئۇرۇلۇپ كېتىپ، بېلىنىڭ تۆۋىنى
پالەچ بولۇپ قاپتۇ. دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئوغلىنىڭ
بۇرنى، ئاشقازىنى، سۈيدۈك يولى، بىلىكى ۋە پۇتىغا
نەيچە ئۆتكۈزۈلۈپ جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆ-

رولپتۇ. ئوغلى 25 ياشقا كىرگەن بولۇپ، توي قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانىكەن. دوختۇر ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنى پالەچ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن توي قىلىش، خىزمەت قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئەمەس، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىشنىمۇ تەسكە چۈشىدىغانلىقىنى، ئۆمۈربويى هالىدىن باشقىلار خەۋەر ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۈچ كۈندە 10 مىڭ يۈەن پۇل كېتىدىكەن، ئوغلىنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق تۇرسا، ئۇ ئانىدەمگە كىم قارايدۇ؟ ئاتىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، غەم ـ قايغۇ دەستىدىن گېلىدىن سۇمۇ ئۆتمەپتۇ. ئاخىر بولماي دوختۇرخانىغا كېلىپ تەكشۈرتسە، قىزىلئۆڭگەچ راكى بولۇپ، كېكىردىكى توسۇلۇپ قالغانىكەن. دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كەپتۇ. ئوپېراتسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئاشقازاننىڭ ئىككى يېرىدە يارا بارلىقى سېزىلگەن. ئۈچ ئاي ئىلگىرى ناھايىتى ساغلام بىر ئادەم بىرلا روھىي بېسىم بىلەن غەم ـ ئەندىشىدىن باش كۆتۈرەلمەي، ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىككى ئورۇندىن ئۈچ كېسەل چىققان، ئاخىر غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئوغلىدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن. دېمەك، بۇ كىشى پالەچ بولۇپ قالغان بالىسى جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتقاندا، ئۇنىڭغا بولغان بېسىم راك كېسىلىنى پەيدا قىلغان. بەزىلەر بېسىمغا ئۇچرىسا ئېلىشىپ قالىدۇ. بەزىلەر ھەر قانچە ئاچچىقلانغان بىلەنمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ. ئوخشاش ئادەم بولسىمۇ، ئاچچىقلانسا، بېسىمغا ئۇچرىسا، بەزىلەر يۈرەك كېسىلى، ئاشقازان يارىسى كېسىلىگە، بەزىلىرى قەنت كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ، يەنە بەزىلىرى ھېچنېمە بولمايدۇ. دېمەك، ئادەمنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى، جۈملىدىن روھىي جەھەتتىن بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئوخشاشمايدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ كۈندە ئەتىگەندە قىلىدىغان تۇنجى ئىشى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى كۈرەش قىلىش ئىدى. مەلۇم بىر ئورۇننىڭ پارتكوم سېكرېتارى ئايال ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 100 قېتىمدىن ئارتۇق كۈرەشكە تارتىلغان. چېچى مەجبۇرىي چۈشۈرۈۋېتىلگەن، كۈن بويى تىزلاندۇرۇپ قويۇلغان. ئەمما بۇ ئايال ناھايىتى ئىرادىلىك بولۇپ، كۈرەش قىلىنىپ، ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن نېمە يېگۈسى كەلسە شۇنى يېگەن، ئۇيقۇسى كەلسە ئۇخلىغان، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرگەن. شۇ مەزگىللەردە دوختۇرخانىمىزدىكى سېستىرالار باشلىقىمۇ تارتىپ چىقىرىلدى. ئۇ شاڭخەيلىك بولۇپ، ئۈلگىلىك سېستىرالار باشلىقى ئىدى، بىمارلارغا خۇددى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك مۇئامىلە قىلىدىغان تولىمۇ ياخشى سېستىرا ئىدى. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، ئاتىسى تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى ئىمىش، ئاتىسىغا ئايىدا 20 يۈەن ئەۋەتىپ بېرىدىكەن، شۇڭا سىنىپىي مەيدانى ئېنىق ئەمەس، دەپ قارالغان. بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمىگەچكە، ئەتىسى تارتىپ چىقىرىلىدىغانلىقى، چېچىنىڭ چۈشۈرۈپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بولالماي قالغان، قورقىنىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغان. ئەتە ئاھانەتكە قالغاندىن كۆرە، ئۆلگىنىم تۈزۈك، دەپ ئويلىغان. ئۆلۈۋالاي دېسىمۇ ئۆلۈۋالغۇدەك جاي تاپالمىغان، تومۇرىنى كېسىپ قانسىراپ ئۆلمەكچى بولغان. لېكىن مۇنداق قىلسا ئاققان قاننىڭ يەرنى بۇلغىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ بىر چېلەك تېپىپ كېلىپ، ئوپېراتسىيە پىچىقى بىلەن بېغىشىدىكى تومۇرىنى كېسىپ، قېنىنى چېلەككە ئاققۇزغان، قان ئېقىپ يېرىمىغا كەلگەندە، قان بېسىمى تۆۋەنلەپ، قان تومۇرى تارتىشىپ، قان داۋاملىق ئاقالماي، نەتىجىدە ئۆلمىگەن. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن قىزىل قوغدىغۇچىلار كېلىدۇ، دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، 5 ـ قەۋەتتىن سەكرىگەن، يەرگە بېشىچە چۈشۈپ، نەق مەيداندىلا ئۆلگەن. نېمە ئۈچۈن بەزىلەر 100 قېتىمدىن ئارتۇق كۈرەش قىلىنسىمۇ ھېچ ئىشى بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىدۇ؟ يەنە بەزىلەر ئەتىسى كۈرەش قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان يېرى. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پسىخىك چىدامىلىقى، روھىي ھالىتى، مىجەز ـ خاراكتېرى، ئىرادىسى ۋە باشقا تەرەپلىرى ئوخشاشمايدۇ. مانا بۇ ئىچكى ئامىلنىڭ ئوخشاشماسلىقى. شۇڭا بەزىلەردە خولېستېرىن يۇقىرى بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن بەزى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قان بېسىمى يۇقىرى بولىدۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئارتېرىيىسى قېتىپ قالىدۇ؟ چۈنكى بىرسىنىڭ بوۋىسىنىڭ قان بېسىمى يۇقىرى، يەنە بىرسىنىڭ بوۋىسى يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ قان بېسىمى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىدىلا ئۆرلەپ كەتكەن، مۇبادا سەمرىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، كەلگۈسىدە تاجسىمان يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ.

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد




### ...ـلەپ تارتىش

...ڭوقۇغان ئـادەمـكـەن
...ـىن ئاغزى هاراقا تەگ-
...رنى چىشلەپ تارتقىلى

...مۇنداق دېگەن. مەن تې-
...ېرىماي تۇرۇپلا نېمىشقا
...چۇشۇپ كەتتىكەن دەپتە-

### ...جايىپ كۆڭۈل

...ق، تۈنۈگۈن كۆڭـلـۈم
...ۈەن ئەكىرسەم ئالمىدى-
... ماقۇل دېدىم. بۈگۈن
...ى سېلىگە ئاتـاپ مـاۋۇ
...ـقتۇرۇپ ئەپ كـەلـدىم.
...ـزمنى هەرگىز قايتۇرمە-
...ېنىڭ كۆڭلۈم دېسىلە.

... سېلىنىڭ كۆڭۈللىرى ئا-
...لكەن - هە! بىردەم پۇل-
...ـۇزۇككە ئايلىنىدىغان!

### ... خام خىيال

...:

...دىن بۇيان ئاسمانغا تولا
... بولۇپ قالدىلىغۇ، دادى-

...ـىم بىرەر كاللەك ئالتۇن
...ـەرمىكىن دەيمىنا، خو-
تۇن.

خوتۇنى:

—نەدە تۇرۇپتۇ سىلىگە ئۇنداق تەييار ئالتۇن؟ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېمىسىلە.

ئېرى:

—شۇ تاپتا ئالتۇن ئەمەس، سەن دەۋاتقان ئاشۇ شورپىنىڭ ئۆزى بول-سىمۇ مەيلىتى!

### دۇتتارۇپ

دادىسى:

—روسىيەدە ئىككى يـىـلـدەك تۇردۇڭ، رۇس تىلىنى خېلى ئۆگىنىپ قالغانسەن؟ رۇسلار دۇتتارنى نېمـە دەيدىكەن؟

بالىسى:

—دۇتتارنى ئۇلار «دۇتتارۇپ» دەيدىكەن، دادا.

### چېقىلغان تەخسە

ئا:

—هە، بارمۇ سىلەر؟ ئەمىلىم بار چاغدا ئوغلۇمغا هەر كۈنى تاماق تو-شۇپ تۇراتتىڭلار، ياقۇپ ئاخۇننىڭ ئاشخانىسىدىكى قاسقاندا ئەمدى مانتا پىشمايدىغان بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟

ب:

—ياقۇپ ئاخۇننىڭ قاسقىنىدىغۇ هېلىمۇ مانتا پىشىۋېتىپتۇ. بىراق، شۇ مانتىنى سىلىپ كۆتۈرىدىغان تەخسە چېقىلىپ كېتىپ يامان بولـدى ئـە-مەسمۇ!

### رەڭلىك كۆزەينەك

قىز:

—نېمىشقا رەڭلىك كۆزەيـنـەك تاقىۋالدىڭىز؟

يىگىت:

—بۇنى تاقىمىسام سىزگە قارى-يالمايدىكەنمەن، قەدىرلىكىم.

قىز:

—بۇ نېمىدېگىنىڭىز؟

يىگىت:

—قۇياشتەك جامالىڭىز كۆزۈمنى قاماشتۇرۇۋېتىدىكەن ئەمەسمۇ!

### ئىسكىرىپكا چېلىش

ئا:

—هېلى ئىسكىرىپكىـدىن ئـوت چىقىرىۋېتىمەن، دەۋاتاتتىڭ. بـىـرەر پەدىگە غاچچىدە چالماسـەن، نې-مىشقا غىڭشىتىۋېرىسەن ئۇ نېمىنى؟

ب:

—ئۇكامۇي، نەدىن ئەپ كىردىڭ بۇ ئىسكىرىپكىنى؟

ئا:

—قوشنا ياتاقتىكى رۇس يىگىت-تىن سوراپ ئەپ كىردىم.

ب:

—هە، مۇنداق دېگىنە، نېمىشقا كەلمەيدىكىن دېسەم، رۇسچە تەڭ-شەپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ، بۇ ئىسكى-رىپكىنى.

توپلىغۇچى: **ئەنۋەر ئابدۇرېهىم**

مۇهەررىرى: **خۇرسەنئاي مەتىمىن**

# پروپ ۋە ئۇنىڭ چۆچەكلەر مورفولوگىيىسى نەزەرىيىسى

مۇناجىدىن مۇنۇر





روسىيىنىڭ مەشھۇر فولكلورشۇناسى ۋلادىمىر جاكولېۋىچ پروپ ( Vladimir Jakovlevic propp )1895 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پېتېربۇرگ شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1913 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلغىچە پېتېربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا رۇس، گېرمان تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 1932 ـ يىلدىن باشلاپ لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. دەسلەپ تىل دەرسى ئۆتكەن بولۇپ، رۇس ئوقۇغۇچىلارنىڭ گېرمان تىلى ئۆگىنىشى ئۈچۈن دەرسلىكتىن ئۈچنى تۈزگەن. 1938 ـ يىلدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 1970 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ۋاپات بولغان.

ئۇنىڭ فولكلور تەتقىقاتىغا ئائىت ئەسەرلىرىدىن «خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مورفولوگىيىسى» (1928 ـ يىل)، «باللار چۆچەكلىرىنىڭ تارىخىي يىلتىزى» (1946 ـ يىل)، «رۇسلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرى» (1955 ـ يىل)، «رۇس دېھقانلىرىنىڭ ھېيت ـ بايراملىرى» (1963 ـ يىل)، «كۈلكە ۋە كومېدىيە توغرىسىدا» (1976 ـ يىل) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يازغان. «چۆچەكلەرنىڭ مورفولوگىيىسى» ناملىق ئەسەر ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

پروپ 32 يىل چۆچەك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، چۆچەكلەرنىڭ مورفولوگىيىسى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن، ئالدىنقىلارنىڭ چۆچەك تەتقىقاتىدىكى مېتودىنى تەنقىد قىلغان. ئۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ چۆچەكلەرنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتىنى زىغىرلاپ تەتقىق قىلىشىدىن نارازى بولغان. ئۇنىڭچە چۆچەكلەرنى سىستېمىلىق بايان قىلىش ئۇنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، «ھازىرغىچە بىز يەنىلا چۆچەكلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ يۇرمەسلىكىمىز، بەلكى چۆچەكلەرنىڭ بايان قىلىنىشىنى مۇلاھىزە قىلىشىمىز كېرەك. بۇرۇنقىدەك ئالاھىدە شەرھلەنمىگەن بايان مەسىلىلەر بىلەن مەنبەچىلىكنى مۇلاھىزە قىلىش پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز» دەپ قارى-

غان. پروپ يەنە چۆچەك ماتېرىيالىنىڭ تۈرلەرگە توغرا ئايرىلىشى ـ چۆچەكلەرنى ئىلمىي بايان قىلىشنىڭ بىرىنچى مۇھىم قەدەمى، توغرا تەتقىقات تۈرلەرنى توغرا بۆلۈش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ، دەپ قارىغان ۋە ئەينى دەۋردىكى چۆچەكلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشىنى ئۇقۇم مۇجمەل، چەك ـ چېگرىسى ئېنىق ئەمەس دەپ تەنقىد قىلغان. ھەتتا خەلق چۆچەكلىرىنى «تارىخ ـ جۇغراپىيە تەتقىقات مېتودى» ئارقىلىق تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە بۇ خىل تەتقىقات ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە چۆچەك تەتقىقاتى ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىغان، پروپ ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «دەۋرىمىز چۆچەك تەتقىقاتىنىڭ چوققىسى» دەپ نام ئالغان فىنلاندىيىلىك چۆچەكشۇناس ئارنې Arne (1867 ـ 1925)نىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىغىمۇ گۇمانىي نەزەر بىلەن قارىغان. بولۇپمۇ پروپ پروفېسسور ئارنې «چۆچەكلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىش مۇندەرىجىسى» ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان چۆچەكلەرنى چۆچەك ۋەقەلىكىنىڭ ‹تىپى›غا ئاساسەن تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىغا گۇمان بىلەن قارىغان. پروپ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى (ئارنې ئاتاپ كېلىۋاتقان ‹تىپ›) ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا كىرىشىدىغان ئىنتايىن زىچ باغلىنىش مۇناسىۋىتى بار. ئۇلارنى خالىغانچە تارتىپ چىقىرىپ، ئايرىم تەتقىق قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىدا مۇكەممەل ئوبيېكتىپ ئۆلچەم كەم بولغان»، دەپ قارىغان.

ئەلۋەتتە پروپنىڭ قىزىقىدىغىنى چۆچەكلەرنى تۈرگە بۆلۈپ تەتقىق قىلىش بولماستىن، بەلكى چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەنى بايان قىلىشتىكى تەسۋىرى ئىدى. پروپ 19 ـ ئەسىردىكى روسىيىنىڭ مەشھۇر سېلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسى ئا. ن. ۋېسلوۋىسكى (1838 ـ 1906)نىڭ نەزەرىيىسىنى بايان قىلىدۇ. ۋېسلوۋىسكى ‹باش تېما› بىر قاتار مۇتىفلاردىن تەركىب تاپىدۇ. يەنى ‹باش تېما› دېگەن خىلمۇخىل ۋەقە مەنزىرىلىرىنىڭ (مۇتىفلارنىڭ) باش تېما تەركىبىگە قوشۇلۇشىدىن ياكى چىقىپ كېتىشىدىن شەكىللەنگەن تېما ماتېرىيالىدۇر. يېڭى مۇتىفلارنى باش تېمىدىكى ئۆزگىرىشچان تۈرنىڭ ئىچىگە قوشقىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. پروپ بۇ خىل تېما بىلەن مۇتىفنى ئايرىپ قارايدىغان كۆز قاراشنى قىزغىن قوللىغان ۋە مۇھىم ئەھمىيىتى بار دەپ قارىغان. بىراق، پروپ ۋېسلوۋىسكىنىڭ مۇتىفنى يەنە بۆلگىلى بولمايدىغان بىرلىك، دەيدىغان كۆز قارىشىغا باشقىچە پىكىردە بولغان ۋە ۋېسلوۋىسكى بەلگىلىگەن مۇتىفلارنى يەنە بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېخىمۇ كىچىك بىرلىكلەرگە بۆلگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان.

پروپ تەتقىق قىلغان چۆچەكلەر بىر گۇرۇپپا (100 دانە) ئالاھىدە تىپتىكى رۇس باللار چۆچەكلىرى يەنى ئارنېنىڭ تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلىدىكى 300—749 AT تىپلىق چۆچەكلەر ئىدى. پروپ ئالدى بىلەن ئالاھىدە ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ چۆچەكلەرنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەرنى ئايرىپ چىققان. ئاندىن بۇ تەركىبلەرگە ئاساسەن چۆچەككە قارىتا سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارغان ۋە شۇ ئارقىلىق بىر مورفولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يەنى چۆچەكنىڭ تەركىبلىرى ۋە بۇ تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن بىر پۈتۈنلۈك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئاساسلىنىپ خەلق چۆچەكلىرىنى بايان قىلغان.

پروپ تۆۋەندىكى تۆت خىل ۋەقەنى سېلىشتۇرىدۇ:

(1) پادىشاھ قەھرىمانغا بىر بۈركۈت بېرىدۇ. بۇ بۈركۈت قەھرىماننى باشقا بىر دۆلەتكە ئاپىرىپ قويىدۇ؛

(2) بىر مويسىپىت شۇشىنكىغا بىر ئات بېرىدۇ. بۇ ئات شۇشىنكىنى باشقا بىر دۆلەتكە ئاپىرىپ قويىدۇ؛

(3) پېرىخۇن ئىۋانغا بىر كىچىك كېمە بېرىدۇ. كىچىك كېمە ئىۋاننى باشقا بىر دۆلەتكە ئاپىرىپ قويىدۇ؛

(4) مەلىكە ئىۋانغا بىر ئۈزۈك بېرىدۇ. ئۈزۈك ھالقىسىدىن پەيدا بولغان ياش ئىۋاننى باشقا بىر دۆلەتكە ئاپىرىپ قويىدۇ.

پروپ يۇقىرىدىكى تۆت مىسالنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلاردىكى ئۆزگىرىشچان تەركىب ۋە ئۆزگەرمەس تەركىبلەرنى ئايرىپ چىقىدۇ. ئۆزگىرىۋاتقىنى بولسا پېرسوناژلارنىڭ ئىسمى ۋە ئالاھىدىلىكى (سالاھىيىتى). ئەمما ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئىقتىدارى (فۇنكسىيىسى) ئۆزگەرمىگەن. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرى دائىم ئوخشاش ھەرىكەتنى ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارغا ئورۇنلاتقۇزىدۇ. بۇنداق بولغاندا خەلق چۆچەكلىرىنى چۆچەك پېرسوناژلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.

ئىقتىدار بەلگىلەشتە ئىقتىدارنىڭ سۇبيېكتى—پېرسوناژغا ئاساسلىنىشقا بولمايدۇ. بەلكى ھەرىكەتنىڭ بايان جەريانىدىكى ئورنىغا ئاساسلىنىش كېرەك. شۇنداقلا يەنە ئالاھىدە بىر ئىقتىدارنىڭ ھەرىكەت جەريانىدا ئىگە بولغان ئەھمىيىتىنىمۇ ئويلىشىش لازىم. شۇڭا پروپ ئىقتىدارغا «ئىقتىدار ـ ھەرىكەت جەريانىدىكى ئەھمىيىتىگە ئاساسلىنىپ تۇرغۇزۇلىدىغان پېرسوناژ ھەرىكىتى» دەپ تەبىر بېرىدۇ.

پروپ چۆچەك ماتېرىيالىنى كۆزىتىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل پرىنسىپنى يەكۈنلەپ چىققان.

(1) پېرسوناژلارنىڭ ئىقتىدارى كىم تەرىپىدىن، قانداق ئورۇنلىنىشىدىن قەتئىينەزەر چۆچەكتىكى ئۆزگەرمەس، مۇقىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىدار بولسا، چۆچەكنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ ئا-

ساسىي تەركىب.

(2) چۆچەكلەرنىڭ بىلىنگەن ئىقتىدار سانى چەكلىك بولىدۇ.

(3) چۆچەكلەر ئىقتىدارلىرىنىڭ تەرتىپى ئادەتتە ئوخشاش بولىدۇ.

(4) قۇرۇلمىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بارلىق چۆچەكلەر ئوخشاش بىر خىل تىپقا تەۋە بولىدۇ.

پروپ ئۆزى تەتقىق قىلغان چۆچەك ماتېرىياللىرىدىن 31 خىل ئىقتىدارنى بايقىغان. ئۇنىڭچە ھەر بىر خىل چۆچەكتە بۇ 31 خىل ئىقتىدارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆرۈلۈشى ناتايىن. ئەمما، ئىقتىدارنىڭ كەملىكى باشقا ئىقتىدارلارنىڭ تەرتىپىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

پروپ، چۆچەكتە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى ۋە تۈرىنىڭ چەكسىز كۆپ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ئەسلى خاراكتېرى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى قاتارلىق تەرەپلەردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، ئەمما بۇنداق پەرقلەردىن ھالقىغان، ۋەقەلىك ئەھمىيىتى ئاتا قىلغان ئورتاقلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھەم بۇنىڭ سانى چەكلىك بولغان ئابستراكتنى روللارنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. رول بىلەن ئىقتىدار ئوتتۇرىسىدا ماسلىق مۇناسىۋىتى بار. لوگىكا جەھەتتىن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىقتىدارلار دائىم بىر خىل «ھەرىكەت مەيدانى» نى تەشكىل قىلىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ رۇس چۆچەكلىرىدىكى رولنى يەتتە تۈرگە بۆلگەن:

(1) سەلبىي پېرسوناژ

(2) ساخاۋەتچى

(3) ياردەمچى

(4) قۇتقۇزۇلغۇچى

(5) يەتكۈزگۈچى

(6) باش قەھرىمان

(7) ساختا باش قەھرىمان

بىر رول ئادەتتە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت سەھنىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. ئەمما بەزىدە ئالاھىدە ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. يەنى بىر رول بىرقانچە ھەرىكەت سەھنىسى ئارىسىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. بەزىدە بىر ھەرىكەت سەھنىسى بىرقانچە روللارغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ. يۇقىرىقى يەتتە خىل رول بىر ھېكايىدە بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈلۈشى ناتايىن. بەزىدە بىر خىل رول باشقا بىرنەچچە خىل رولنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ. رولنىڭ چۆچەكتە زادى قانداق سالاھىيەتتىكى كونكرېت پېرسوناژ تەرىپىدىن ئورۇنلىنىشى ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا پروپ چۆچەكنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇلاھىزە قىلىدۇ. خەلق چۆچەكلىرى ئادەتتە سەلبىي پېرسوناژنىڭ يامانلىق ھەرىكەتلىرى ياكى باش قەھرىماننىڭ مەلۇم خىل كەمتۈكلۈكىدىن باشلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا توي مۇراسىمى (توي قىلىش) ياكى كەمتۈكلۈكنىڭ تولۇقلىنىشى... قاتارلىقلار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ جەريان «ئۇچرىشىش» دېيىلىدۇ. بىر چۆچەك بىر ياكى بىرقانچە «ئۇچرىشىش» تىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن (بۇ تاق ياكى قوشما چۆچەكلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.)

شۇنىڭ ئۈچۈن چۆچەكلەرنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئالدى بىلەن چۆچەك ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۇچرىشىش»لارنىڭ سانىنى بىلىش كېرەك. «ئۇچرىشىش» لار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاش بولمىغان مۇناسىۋەت شەكىللىرى بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ خەلق چۆچەكلىرىنى ئىقتىدار، رول ۋە ئۇچرىشىش قاتارلىق تەرەپلەردىن تەتقىق قىلغىلى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر قايسىسىنى ماس ھەرپلىك بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ، گۇرۇپپىلارغا ئورۇنلىشىش گرافىكىنى سىزىپ چىققىلى بولىدۇ ھەم بۇ ئارقىلىق چۆچەكلەرنىڭ رەڭگارەڭ قۇرۇلما مورفولوگىيىسىنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۆچەكلەرنىڭ تىپى ۋە تېمىسى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلغىلى بولىدۇ.

ياپونىيە ئالىمى بېيگالڭ چىڭسى پروپنىڭ چۆچەكلەر مورفولوگىيىسى ئىلمىي نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرىنى ئىككى تەرەپكە يىغىنچاقلايدۇ.

بىرىنچى، چۆچەكلەردىكى ئايرىم كونكرېتنى «سەھنە پېرسوناژلىرى» بىلەن ئابستراكتنى «رول»نى (پېرسوناژ ۋە رول) پەرقلەندۈرۈپ چىققان.

ئىككىنچى، چۆچەكلەردىكى ئايرىم كونكرېتنى «ھەرىكەت» بىلەن ئادەتتىكى ئابستراكتنى «ئىقتىدار» (ھەرىكەت ۋە ئىقتىدار) نى پەرقلەندۈرگەن. مۇئەييەن بىر تىپ سىستېمىسىدا سەھنە پېرسوناژلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىم كونكرېتنى ھەرىكەتلىرى بۇ تىپ سىستېمىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان چۆچەكلەرنىڭ ئۆزئارا پەرقلىق بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنى ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىدىغان ئامىل بولۇپ قالغان. ئەمما رول بىلەن ئىقتىدارنىڭ مۇناسىۋىتى شۇ خىل تىپ بوشلۇقى ئۆز ئىچىگە ئالغان چۆچەكلەرنىڭ ئورتاقلىققا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىل.

پروپنىڭ «چۆچەكلەرنىڭ مورفولوگىيىسى ئىلمى» نەزەرىيىسى دۇنياغا كېلىپ، خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئاز ساندىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئوبزورلىرىدىن باشقا، مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى، مەيلى چەت ئەللەردە بولسۇن ھېچقانداق ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەن. پەقەت 1958 ـ يىلى بۇ ئەسەر تۇنجى قېتىم ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىنلا غەرب دۇنياسىنىڭ كەڭ دائىرىلىك تەتقىقاتى ۋە

مۇنازىرىسىنى قوزغىغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەسەر 1966 - يىلى ئىتالىيان تىلىغا، 1968 - يىلى پولشا تىلىغا، 1970 - يىلى رۇمىنىيە تىلىغا ۋە فرانسۇز تىلىغا، 1972 - يىلى گېرمان تىلىغا ئارقا ئارقىدىن تەرجىمە قىلىندى. نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار پروپنىڭ نەزەرىيىسىگە يۇقىرى باھالارنى بەردى.

«چۆچەكلەرنىڭ مورفولوگىيىسى ئىلمى» 20 - ئەسىر ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولغان ئالاھىدە ئەسەر دەپ قارىلىپ، قۇرۇلمىچىلىق تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنىڭ مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرۇلما ئەپسانىشۇناسلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولۇپ قالدى. قۇرۇلما بايانچىلىقنىڭ ئاساسچىسى تزۋېتان تودوروۋ (Tzvetan Todorov 1939)، كلائۇد برېموند (Claud. Bremond) گرەيماس (A. j. Greimas) قاتارلىقلار پروپنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھەر قايسىسى ئۆزىگە خاس قۇرۇلما بايانچىلىق نەزەرىيىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئامېرىكىلىق فولكلورشۇناس ئاللان داندىس (Allan Dundes 1934) تىلشۇناسلىق ئۇقۇملىرىنى پروپنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسى ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈردى ۋە ئۇنى شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ خەلق چۆچەكلىرى تەتقىقاتى جەريانىدا قوللىنىپ، مەشھۇر ئەسىرى «شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرى خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مورفولوگىيىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دۇنياسىدا بىرقەدەر چوڭ تەسىر پەيدا قىلدى.

ئەلۋەتتە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار پروپنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. كۆپچىلىكنىڭ بىرقەدەر بىرلىككە كەلگەن پىكرى: پروپنىڭ خۇلاسىلىرى ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرى نۇقسانسىز ئەمەس، مەسىلەن، پروپنىڭ بارلىق ئىقتىدارلارنىڭ تەرتىپى بىردەك بولىدۇ، دېگەن تەلىماتىنى ئىسپاتلىماق قىيىن، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بولۇپمۇ قۇرۇلمىچىلىقنىڭ پىرى ستراۋس بىلەن پروپنىڭ ئېلىپ بارغان بىر مەيدان مۇنازىرىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ستراۋس پروپنىڭ قوللىغۇچىسى ۋە تەنقىدچىسى ئىدى.

پروپ ستراۋسنىڭ تەنقىدلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇپ تۇرغان. ئۇنىڭ قارىشىچە ستراۋس بىر پەيلاسوپ، ئەمما ئۆزى بولسا سىپى ئۆزىدىن تەجرىبىچى ئىدى. پروپ ئەزەلدىن ئۆزىنى مەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى — سېھىرلىك چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلغۇچى، ھەرگىزمۇ ھەممىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇنىيەتنى تاپقۇچى ئەمەس، دەيتتى. نېمە ئۈچۈن سېھىرلىك چۆچەكلەرنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ تاللاشقا كەلسەك، ئۇ تەتقىقاتچىنىڭ ئەركىنلىكى، ستراۋسنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى ئەپسانىلەر ئېلىشى كېرەك، دەپ قاتتىق تەلەپ قىلىشى ئۆز كۆز قارىشىنى باشقىلارغا تاڭغانلىق ھېسابلىنىدۇ، دەيتتى. ستراۋس پروپنىڭ «چۆچەكلەرنىڭ مورفولوگىيىسى ئىلمى» نەزەرىيىسى «شەكىلۋازلىق»تۇر، شۇڭا ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق، دەپ ھۆكۈم قىلغان. بۇنىڭغا قارىتا پروپ ستراۋس «شەكىلۋازلىق» نىڭ ئېنىق مەنىسىنى چۈشەنمەيدىكەن، دېگەن. ئۇ، ئۆز تەتقىقاتىنىڭ فىنلاندىيە ئېقىمدىكىلەرنىڭ ۋەقە تەتقىقاتىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنلىكىنى، خەلق چۆچەكلىرىنى بىر پۈتۈن سىستېما نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە «بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ تارىخىي يىلتىزى» ناملىق ئەسىرىدە خەلق چۆچەكلىرى بىلەن جەمئىيەت، تارىخ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى مۇلاھىزە قىلغانلىقىنى، «چۆچەكلەرنىڭ مورفولوگىيىسى ئىلمى» ناملىق ئەسىرىنىڭ شۇنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پروپ ستراۋسنىڭ بىر قىسىم كونكرېتنى خۇلاسىلەرگە بولغان گۇمانى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئېلىپ بارغان ئەمەلىي تەجرىبە ۋە ئىنچىكە مۇلاھىزىلەرنى چۈشەنمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خۇلاسىلەر مۇنداقلا چىقىرىلغان ھادىسىۋى نەرسىلەر بولماستىن، بەلكى يۈزلىگەن، مىڭلىغان چۆچەكلەرنى تەرتىپكە ئايرىش، سېلىشتۇرۇش، ئېنىقلاش ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن دەيدۇ.

پروپ بىلەن ستراۋس ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە ئەمەلىيەتتە قۇرۇلمىچىلىق تەتقىقاتچىسىنىڭ تەتقىقات جەريانىدىكى ئىختىلابىدىن ئىبارەت. سورىس ناھايىتى جانلىق قىلىپ: پروپنىڭ مۇلاھىزە قىلىدىغىنى مولى قۇلۇلىسىنىڭ مەرۋايىتنى قانداق پەيدا قىلىش جەريانى بولسا، ستراۋسنىڭ چۈشەندۈرمەكچى بولغىنى مەرۋايىتنىڭ پەيدا بولۇشىدا قۇرۇلما ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەڭ ئىپتىدائىي قۇم دانىچىلىرىدۇر، دېگەنىدى.

پايدىلانغان ماتېرىيال: لياڭ «جوڭگو خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مورفولوگىيىلىك تەتقىقاتى» شەنتو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 - يىلى 1 - نەشرى.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# ئەقىل كۆرسە، كۆز كۆرەر





ۋاھىتجان غوپۇر

سۇلىرى شارقىراپ ئېقىۋاتقان چوڭ ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈك بېشىدا ئاپتاپ بىلەن شامال بەس تالىشىپ قاپتۇ. شامال دەپتۇ:

— ئىككىمىز ئەلمىساقتىن ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ كەلدۇق. بىلىشىمچە، ئادەملەر تۇغۇلۇپ تاكى تىنىقىدىن قالغۇچە كۆزىگە تايىنىدىكەن. كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدىكەن.

— بۇ گېپىڭ خاتا، — دەپتۇ ئاپتاپ، — ئادەملەر كۆزىدىن كۆرە ئەقىل، سېزىمىگە تايىنىپ مەقسەتلىرىگە يېتەلەيدۇ.

— ياق، ئادەملەرگە كۆز ھەممىدىن مۇھىم!

— ئەقىل، سەزگۈ ھەممىدىن مۇھىم...

تالاش ـ تارتىش داۋاملىشىپتۇ.

ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئاپتاپ، — سەن كۆزى ساق، ئەمما ئەقىل، سەزگۈسى زىيانغا ئۇچرىغان بىر ئادەمنى تاپ؛ مەن ئەقىل، سەزگۈسى بېجىرىم، ئەمما كۆزى كور ئادەمنى تاپاي، شۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قايسىمىزنىڭ ھەق، قايسىمىزنىڭ ناھەقلىقىنى ئايرىمامدۇق — دەپ ئاپتاپ بىلەن شامال كېلىشىپتۇ.

ئاپتاپقا ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتقىنىچە ئۆز يولىنى تېپىپ كېتىۋاتقان ئەما كىشى ئۇچراپتۇ. شامالغا ئۆزى كېلىشكەن، يۈرىكى چىلاشقۇدەك ئىچكەن، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل دەسسەپ، دەلدەڭشىپ كېتىۋاتقان بىر مەست كىشى ئۇچراپتۇ. ئاپتاپ بىلەن شامال ئۆزلىرى تاپقان ئىككى كىشىنى كۆۋرۈك بېشىغا ھازىر قىلىپتۇ.

— ئالدى بىلەن سېنىڭ ئادىمىڭ مۇشۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ باقسۇنچۇ! — دەپتۇ ئاپتاپ.

شامال مەست كىشىگە نېمىلەرنىدۇر دەپتۇ. ھېلىقى مەست «چاتاق يوق!...» دېگىنىچە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، كۆۋرۈككە قەدەم بېسىپتۇ، ئۇ كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارا ـ بارمايلا مەينىڭ تەسىرىدە تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئاپتاپ ئۇنى قىرغاققا چىقىرىپ، دەرەخكە يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئاپتاپ ئەما كىشىگە بىر نەرسىلەرنى دەپتۇ. ئەما كىشى بېشىنى لىڭشىتقىنىچە كۆۋرۈككە يېقىنلاپ كەپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن سۇنىڭ ئاۋازىنى ئوبدان تىڭشاپتۇ. ئاندىن ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنىنى مۆلچەرلىۋېلىپ، ئوتتۇرا ئارىلىقنى بەلگىلىۋېلىپ، شۇ يۆنىلىشنى بويلاپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

— قانداق، قايىل بولغانسەن؟ — دەپتۇ ئاپتاپ.

— توغرا يەكۈنىڭگە قايىل بولدۇم، — دەپتۇ شامال.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا «كۆز ئەمەس، ئەقىل كۆرىدۇ»، «كۆز دېگەن كامار نېمە، كۆرمىسە بىكار نېمە» دېگەن ئاتىلار سۆزى شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# بالام، خەت يېزىشنى ئۇنتۇما



ئۆيگە تېلېفون ئورناتقاندىن بېرى، مەن سۆزلەپلا، قول تەۋرەتمەيدىغان بايۋەچچىگە ئايلىنىپ قالدىم. دادامغا خەت يازسام «ئىش بولسا تېلېفون قىلىڭ» دەپ يېزىپ قوياتتىم،دادام بولسا «خەت يېزىشنى ئۇنتۇما» دەپ ئەسكەرتىپ تۇراتتى.

بالا چوڭ بولسا دادىسىنىڭ رايىغا باقماپتۇ، دېگەندەك ئىشىم بولسىلا تېلېفوندىلا سۆزلىشەتتىم ھەم ئۆي ئەھۋالىنىمۇ سوراپ تۇراتتىم.شۇڭا دادامنىڭ خەت يېزىشى ھاجەتسىز ئىدى.بىر قېتىم تېلېفون قىلسام دادام:

-تېلېفوننى ئاز قىلىپ، كۆپرەك خەت يازغىن. بىر - ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن كۆڭۈلدىكىنى دەپ بولغىلى بولمايدىكەن، دەپ قوپال تەگدى. دادام خەتنى بەك ئۇزۇن يازىدۇ، ۋاقتى بولغاندىكىن ئۇزۇن يازىدۇ - دە، لېكىن ھەر بىر جۈملىسىدىن پەرزەنتلىرىگە بولغان سېغىنىشى يالقۇنجاپ تۇراتتى. مەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى، ئىشلىرىم چېچىمدىنمۇ تولا، شۇڭا خەتنى زۆرۈر بولسا ئۇزۇن، بولمىسا قىسقىلا يازىمەن. بەزىدە ئوغلۇمغىمۇ يازغۇزۇپ ئىككىمىزنىڭ سالىمىنى تەڭلا يەتكۈزىمەن. كاماندىروپكىغا چىقىش، خىزمەت ۋە ئۆي ئىشلىرى تۈپەيلىدىن چارچاپ كېتىپ، خەتنى بەك كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان ھەم ئاددىيلا يېزىپ قويىدىغان بولدۇم. بۇ بەلكىم چاغداشلىرىمىزغا ئورتاق بولغان ھېسسىيات خەسىسلىكىنى كۆرسىتىپ بەرسە كېرەك.

بىر قېتىم دادام خەتنىڭ بېشىغا «ئوغلۇم» ئاخىرىغا

«داداڭدىن» دەپلا يېزىلغان خەتنى ئەۋەتىپتۇ. مەن بۇ ئاق قەغەزنى كۆرۈپ دادامنىڭ كۆڭلىنىڭ بەكمۇ يېرىملىكىنى بىلدىم. دادام پۇل - مالغا ئەمەس، روھىي تەسەللىگە موھتاج، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر پارچە خەت ئەڭ زور تەسەللى بولىدۇ. مەن ئەمدى خەتنى كېچىكتۈرسەم بولمايدۇ. ئەتراپ قاراڭغۇ ھەم سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ خىزمەتتىكى تۇتۇق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلىرىمنى، دۇنيا قاراشلىرىم توغرىسىدىكى ئوي - پىكىرلىرىمنى يېزىپ، بۇنىڭغا ئېلان قىلىنغان ماقالەمنى قوشۇپ ئەۋەتتىم. دادام جاۋاب خېتىدە:

- گۆشسىز غىزالانسامۇ كۈنلىرىم ئۆتۈۋېرىدۇ، لېكىن ھەر ئايدا بىر خېتىڭنى كۆرمىسەم چىدىمايدىكەنمەن. ئېلان قىلىنغان ماقالەڭنى كۆرۈپ ناھايىتى سۆيۈندۈم، ماقالىدىكى بىر سۆز تازا مۇۋاپىق ئەمەس، بۇنداق ئۆزگەرتسەڭ...

ئىككىمىزنىڭ خەتلىرى ئەمدى تىنچلىق - ئامانلىق سوراش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، بەلكى ئىككى دوستنىڭ سىردىشىشىغا ئايلانغانىدى.

بىر كۈنى خەت - چەكلەر بۆلۈمىدىكى يولداش سەي ماڭا بىر پارچە خەتنى بەردى. ئادرېس يېزىلغان سۆزلەرنى كۆرۈپ بىر قىسما بولۇپ قالدىم. خەتنى ئاچسام سۆزلەر ئەگرى - بۈگرى يېزىلغانىدى. ئۇقتۇمكى، دادام يېرىم پالەچ بولۇپ، ئوڭ قولى بىلەن پۈتىنى مىدىرلىتالمايدىكەن. خەتنى سول قولىدا يازغانىكەن. ئەللىك نەچچە سۆزلۈك بۇ خەتنى ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتا يېزىپتۇ. خەتتە يەنە «خەت يېزىشنى ئۇنۇتما» دەپ جېكىلەپتۇ. مەن «ئوڭ قولۇڭنى مىدىرلىتالمىغاندىكىن تېلېفوندا قىل» دېسەم، دادام جاۋاب خېتىدە «تېلېفون ئۇرۇشتىن بەك قورقىمەن، ھېچقانداق بىر قىزغىنلىق يوق، خەتنى سەن كۆپرەك، مەن ئاز يازاي، يەنىلا خەت يازغان ياخشى» دەپتۇ. دادامنىڭ كېسىلىگە پايدىلىق دورىلىق ھاراقتىن ۋە بىر جۈپ تۆمۈر شارەك ئەۋەتتىم. لېكىن بۇلار پايدا قىلماپتۇ، كېيىن دادامنىڭ خېتىمۇ، سۆزلىرىمۇ ئازلاپ كەتتى. ئاخىرى بىر كۈنى ئۆيدىكىلەردىن كەلگەن تېلېفوننى ئالدىم. «دادىمىز تۈگەپ كەتتى». ھەسسىنە، مەن ئەمدى دادامنىڭ ئەگرى - بۈگرى يېزىلغان خەتلىرىنىمۇ مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم.

---

جوۋ يۈچى ئىمزالىق بۇ ماقالە «مىللەتلەر مەدەنىيەت مەجمۇئەسى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 10 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

**بۇسارەم ئىمىن تەرجىمىسى**

**مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى**







CELOM







Arman
阿尔曼

# ARMAN®

## تەن ساقلىق - زور بايلىق !

ئارمان قۇۋۋەت تالقىنى - شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى بولغان ياڭاق، بادام، نوقۇت، مېغىز، سۈت ۋە قىيماق قاتارلىقلار خام ئەشيا قىلىنىپ، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق زامانىۋى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدە ئىشلەنگەن يېڭى بىر ئەۋلاد ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى يېمەكلىك.

ئارمان قۇۋۋەت تالقىنى تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر بولغان ئۆسۈملۈك ئاقسىلى، يېرىك ماي، يېرىك تالا، لىنول كىسلاتاسى،كالتسىي، زىنىك، فوسفور، تۆمۈر، ماگنىي ۋە ۋىتامىن B1، B2، PP، C، E قاتارلىق ماددىلار بار بولۇپ ، ئورگانىزمىلارنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئالىي يېمەكلىك .

ئارمان قۇۋۋەت تالقىنى يېش - ئۆسمۈرلەر ۋە ياشانغانلارنىڭ بەدىنىنى كۈچلەندۈرۈپ ، قۇۋۋەت تولۇقلايدىغان ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ ، زېھنى ئاشۇرىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك تەبىئىي دورىلىق ۋە ساغلاملىق يېمەكلىكىدۇر.

